# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال    2016 - يىل 6 - سان

(ئومۇمىي 158 - سان)


## ئادەت قىرىماس

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە ئىزچالىش ئادەتلىرى ...... تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش، ئادىلجان ئالىم (1)

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئازنىلاش ئادىتى ...... مۇھەممەتجان تىلىۋالدى (48)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇرلارنىڭ بەلگە چۈشەنچىلىرى ...... مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (13)

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئات، ئات جابدۇقلىرى ۋە ئات كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئائىت ئاتالغۇلارغا ئىزاھات ...... مامۇت قۇربان (32)

لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سان مۇقەددەسلىكى توغرىسىدا ...... ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن (61)

## ئويۇنلىرىمىز

خەلقىمىزنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرى ...... سابىرجان سېيىت (17)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

ئۆزبېكلەرنىڭ بايرام-مۇراسىملىرى ۋە تائاملىرى ...... رەخىم غوجا ئەخمەت غوجا (21)

## ساقلىقىڭ - شاھلىقىڭ

ئۇيغۇرلاردا سوغۇق ئۆتكۈزۈپ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى ...... نۇرمۇھەممەتجان ئىمىن پىدائىي (25)





باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)

جاۋابكار مۇھەررىر: **خۇرسەنئاي مەمە-تىمىن** (مۇھەررىر)

مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەن-ئەتچىلەر بىرلەشمىسى

**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جە-نۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئى-دارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


## دۇنيا مىراسى

سۇداندىكى باركال ۋە ناپاتا ............ مېھرىگۇل قادىر تەرجىمىسى (27)

## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر

ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ............
............ ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (38)

## ژۇرنال ۋە مۇھەررىر

تەھرىرلىكتە تىلغا پىششىق بولۇش ھەممىدىن مۇھىم ............
............ ئىبادەت ئىسمائىل (45)

## ماكانىمىز

چاقىلىقنىڭ كارۋان يوللىرى ............ غالىپ بارات ئەرك (52)
ئونسۇدىكى مازارلار ............ ئابدۇسالام ئۇلۇغ ئالىپ (77)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 33 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 33 يىللىق شانلىق تارىخىدا 158 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 33 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
كوررېكتور: خۇرسەنئاي مەمتىمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4-بەتلىرىنىڭ رەسىملىرىنى روزىتوختى تۇرسۇننىياز نەۋبەت سىزغان ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئېلىجان ئىسمائىل، ھۆسەنجان قاسىم تەمىنلىگەن

Chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Memtimin


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


主编：
木合塔尔·买买提
（编审，法人代表）
本期责任编辑：
胡尔仙阿依·买买提明（编辑）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە ئىزچىلىش ئادەتلىرى



تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش، ئادىلجان ئالىم

ئوۋچىلىق ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ئاتا قىلغان تۇرلۇك تەبىئىي تەييار يېمەكلىكلەرنى يىغىپ-توپلاپ يېيىشتىن كېيىن، ئاڭ سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، تەجرىبىلەرنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىششى ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي پائالىيەتكە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن، ھەرقايسى مىللەت ۋە قوۋمغا نىسبەتەن ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىك شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ شەكىللەندۇرگەن.

ئوۋچىلىق چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئورمان-جاڭگال ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش ۋە سۇ جانلىقلىرىنى ئوۋلاشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوۋ دېگەن سۆز «تور، تۇزاق» مەنىسىدىكى «ئاۋ» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن ①.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ئادەتلىرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىنى ئىسپاتلاپ چىقىشتا بىرىنچىدىن، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا؛ ئىككىنچىدىن، تارىخىي يازما ۋەسىقىلەرگە؛ ئۈچىنچىدىن، شۇ خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى فولكلور ھادىسىلىرىگە ئاساسلىنىشقا بولىدۇ.

«ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتېغى ۋە ئالتۇن تاغدىن تېپىلغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ھەر خىل قىيا تاش رەسىملىرىدە ئوۋ نىشانىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان ئوتخور جاندارلارنىڭ رەسىملىرى ئىگىلەيدۇ... قەدىمكى ئىنسانلار ئوتخور جاندارلاردىن بۇغا-مارال، غۇلجا-ئارقار، جەرەن-كېيىك، تاغ تېكىسى، بۆكەن، كۆكمەت، تاغ ئۆچكىسى، ياۋا قوتاز، ياۋا كالا، ياۋا ئات، ياۋا تۆگە، ياۋا ئېشەك، ياۋا توشقان، ياۋا توڭگۇز، ئىپار كېيىك، يورغا قاتارلىقلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياشاش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ھەر خىل ئامال-چارىلەر ئارقىلىق ئوۋلاپ تۇتۇپ، ئوۋ غەنىيمەتلىرىنىڭ گۆش-ياغلىرىنى يېمەكلىك

قىلسا، تېرە-يۇڭلىرىنى يېپىنچا-سېلىنچا قىلغان... تەڭرىتاغلىرى، قارا قۇرۇم، قۇرۇم تاغلىرى، ئالتۇن تاغ، چۆل تاغ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تېما قىلىنغان سانسىزلىغان قىيا تاش رەسىملىرىدە ئوقيا تۇتقان، پىيادە تەنھا ئوۋچىنىڭ؛ بەزىلىرىدە بىر نەچچە ئوقيالىق ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئارقار، كېيىك، جەرەن، تاغ تېكىسى، بۆكەن، ياۋا كالا، ياۋا قوتاز، بۇغا-ماراللارنى ئوۋلاۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بەزى رەسىملەردە نىقابلانغان ئوۋچىلارنىڭ ئەپچىللىك بىلەن سەزگۈر، شاش ياۋايى جانلارنى ئوۋلاۋاتقانلىقى، بەزى رەسىملەردە كۆپلىگەن ئاتلىق ۋە پىيادە ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئوبيېكتلىرىنى تەرەپ-تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىپ ئوۋلاۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن» ②.

ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كىچىك قۇزى دېگەن جايدىكى ئېقىننىڭ غەربىي ياقىسىدا يەردىن چىقىپ تۇرغان ئاققايراق تاشقا ئۈچ ئوقيا تۇتقان ئوۋچىنىڭ بۇغا ئوۋلاۋاتقان رەسىمى سىزىلغان. باشقا بىر رەسىمگە كېيىنمىگەن بىر كىشىنىڭ تاش بىلەن تاغ تېكىسىنىڭ پۇتىنى يارىلاندۇرۇپ، ئوۋ قىلىۋاتقانلىق تەسۋىرى سىزىلغان بولۇپ، بۇ قەدىمكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سىزىلغان قىممەتلىك يېگانە يادىكارلىق بولۇشى ئېھتىمال ③.

بىز ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دە تەسۋىرلەنگەن بايانلاردىن، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دىكى ئوۋ قوشاقلىرىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستان ۋە چۆچەكلىرىدىكى ۋەقە ۋە مۇتەللاردىن، شۇنداقلا لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ۋە دولانلىقلاردا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئوۋچىلىق ئادەتلىرىگە قاراپ، ئۇيغۇر ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە، شۇنداقلا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ئەنئەنىۋى ئىگىلىك ئادەت شەكلى ئىكەنلىكىنى ئوڭايلا بايقاپ ئالالايمىز.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوۋچىلىقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، بۇنى لوپنۇرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ھايۋاناتلارنىڭ سۆڭەكلىرىدىن ۋە لوپنۇرلۇقلاردا ئوۋچىلىقنىڭ مەخسۇسلاشقان كەسىپ تەرىقىسىدە يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملىشىپ كېلىش ئەنئەنىسىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئوۋچىلىقى باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىقىغا ئوخشاش قەدىمدىن تارتىپ ئىككى خىل مەقسەتنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بىرى، تۈرلۈك ئوۋ غەنىيمەتلەرگە ئېرىشىپ، شۇ ئارقىلىق تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش؛ يەنە بىرى، كۆڭۈل ئېچىش، روھنى تاۋلاش، چاققان-سەزگۈرلۈكنى يېتىلدۈرۈش، جەڭ ماھارەتلىرىنى ئىگىلەش ۋە سىناش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان.

ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېرىشىش ئۈچۈن ئوۋچىلاردا زېرەكلىك، چاققانلىقتىن ئىبارەت ئىقتىدارلار بولۇشتىن باشقا يەنە ئەڭ مۇھىمى ئوۋچىلىق قوراللىرىغا تايىنىش كېرەك. «تاياق-توقماق، سالغا تاش، قىلتاق-قىسماق، لەخمە (ئورا) قاتارلىق قورال ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ئوۋ ئوۋلاش، برونزا( يېڭى تاش قورال) دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقاندى. بۇ دەۋرلەردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋ قوراللىرى ئاددىي، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەربە بېرىش ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئېرىشىشى ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى. سېپتا تاش قوراللاردىن تاش باشاق (قاتتىق تاشلاردىن ياسالغان ئوق)، ئېگىلۈچان ۋە چىدامىلىق ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن يا، ھايۋانلارنىڭ تېرەك-پەيلىرىدىن كېرىچ ئىختىرا قىلىنىپ، ئىنسانلار ئوقيانى ياساپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوۋچىلىقتا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى ھەممە ئوۋچىلىقتىكى ھەر خىل ئەپچىل ئۇسۇل-چارە، تەجرىبىلەرنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللىشىشى نەتىجىسىدە، ئوۋچىلىق ئىشلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى ۋە كېڭەيدى» ④. بىز ئارخېئولوگ تەتقىقاتچى ئابدۇقېيۇم غوجىنىڭ بۇ بايانلىرىدىن ئەقىللىق، زېرەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا بىر قىسىم ئوۋچىلىق قوراللىرىنى ئىختىرا قىلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا، لوپنۇر ناھىيەلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان ئوقيامۇ بىزگە لوپنۇرلۇقلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئوۋچىلىقتا ئوقيادىن پايدىلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىگىلىكىدە ئوۋچىلىق ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تارىختا لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدىن ئىسىم-شەرىپى بىزگە نامەلۇم بولغان ۋە ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان نۇرغۇن مەشھۇر ئوۋچى-پالۋانلار، ئىزچىلار يېتىشىپ چىقىپ، لوپنۇر ئوۋچىلىق

مەدەنىيىتىگە ئاساس سالغان ۋە ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئوۋچىلىق خەلقىمىز ئارىسىدا مەخسۇس رىسالىسى بار مۇھىم كەسپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، رىسالىدە پالۋان ئەھمەت پىرىم قورالنى كەشپ قىلغان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئوۋنىڭ ئىزىغا قاراپ ئاتقان ئوقمۇ دەل تېگىدىغان ئادەم بولغاچقا ئوۋچىلىقنىڭ پىرى دەپ خاتىرىلەنگەنىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن لوپنۇردىكى ئوۋچىلاردا ئوۋغا چىقىش ئۈچۈن مىلتىقنى قولىغا ئالغاندا، «پالۋانى ئەھمەت جەمشت پىرىم» دەپ زىكىر قىلىپ ئالىدىغان ئادەت ساقلىنىپ قالغان، بۇنىڭدىن باشقا رىسالىدە يەنە «قىرىق قىز قىمىز ئانام» دېگەن بىر شەخسمۇ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، «تۇزاقنىڭ پىرى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

لوپنۇرلۇقلاردا ئاساسلىق قارا مىلتىق بىلەن ئوۋ ئوۋلاش، قۇش بىلەن ئوۋ ئوۋلاش ۋە تۇزاق سايمانلىرى بىلەن ئوۋ ئوۋلاشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوۋچىلىق ئۇسۇلى بولۇپ، ئوۋ ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

لوپنۇرلۇقلار تەكلىماكان بويلىرىدىكى يايلاق ۋە جاڭگال ئوۋچىلىقىدا يولۋاس، بۆرە، يىلپىز، قارا كېيىك (ياۋا توڭگۇز)، كېيىك، جەرەن، بۇغا، تۈلكە، توشقان، سۆلەيسۇن، قىرغاۋۇل قاتارلىق ھايۋانلارنى، لوپنۇر كۆلى ۋە تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ساھىللىرىدىكى ساز-سىزلىغان چۆللەردە ۋە داشلاردا بېلىق، غاز، ئۆردەك، ئاق قۇ قاتارلىق سۇ ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشنى ئاساس قىلغان.

ئادەتتە كۈزدىن باش ئەتىيازغىچە، يەنى ياۋايى جاندارلارنىڭ ئەتىيازدا تۇغۇلغانلىرى قاتارغا قوشۇلۇپ، سەمرىگەن ۋاقتىدىن باشلاپ، يېڭى كۆپىيىش مەزگىلى (يەنى باش ئەتىياز) باشلانغىچە بولغان مەزگىل ئوۋچىلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. باش ئەتىيازدىن باش كۈزگىچە ئادەتتە ئوۋچىلىق قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ مەزگىل ياۋايى جاندارلارنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى، شۇنداقلا دېھقانچىلىق پەسلى بولۇپ جاندارلار ئىخچاملاشمايدۇ، تارقاق بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئوۋچىلار قورسىقىدا ياكى يېنىدا كىچىك بالىسى بار ھايۋاننى ئوۋلاپ ئۇنىڭ قىساسىغا قېلىشتىن ساقلىنىش. يەنە بىرى، جاندارلارنى ئەلۋەك يازدا خاتىرجەم كۆپەيتىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ ئوۋ قىلىش قاتتىق چەكلىنىدۇ.

لوپنۇر ئوۋچىلىرىدا جاندارلارغا نىسبەتەن سۇ يىپىنچا، ئوت سىلىنچا دېگەن بىر گەپ بار. شۇڭا سوغۇقتىن دالدىلىنىش ۋە بەدىنىنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن جاندارلار سۇ ئىزدەپ دەريا-كۆللەرنىڭ ياقىلىرىغا كېلىدۇ. چۈنكى، جاندارلار قىش كۈنلىرى سۇ ئىچىش ئارقىلىق سوغۇقنى باسىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچى تىترەيدىغان ئىشلار تۈگەيدۇ. شۇڭا قىش ۋاقتىدىكى ئەڭ ياخشى ئوۋ ئوۋلايدىغان مەزگىل 11-ئايدىن 1-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قار ياغمىغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا جاندارلار سۇ ئىزدەپ دەريا-كۆللەرگە كېلىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ. قار ياغقاندا بولسا جاندارلار تاراپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنداق ۋاقىتتا قارنى يەپلا ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ - دە، سۇ ئىچىدىغان ئېھتىياج بولمىغاندىن كېيىنلا نەدە ئوت بولسا شۇ يەردە ئوتلاپ چۆلگە كېتىدۇ. شۇڭا 11-ئايدىن 1-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قار ياغقىچە بولغان مەزگىل ئوۋ ئوۋلايدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوۋ ئوۋلاش پەيتى يەنە كۈنگە قاراپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوۋغا ئەڭ مۇھىمى تاڭ سەھەردىكى جاندارلارنىڭ ئوزۇقلىنىدىغان ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ چىقسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر كۈندىكى چۈش ۋە كەچتىمۇ ئوۋ ئوۋلاشقا بولىدۇ.

ئوۋچىلار ئوۋغا چىقىشتىن بۇرۇن بىر قاتار تەييارلىقلارنى ئىشلەيدىغان بولۇپ، بۇ تەييارلىقلار ئوۋچىلارنىڭ شۇ كۈنلۈك ئوۋ غەنىيمىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئوۋچىلارنىڭ ئاساسلىق ئوۋ تەييارلىقلىرى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچىدىن، ئوۋچى ئوۋغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال كۆمەچ كۆمۈپ، ئۇسسۇزلۇق بىلەن يەپ، شۇ بىر كۈنلۈك ئوۋ سەپىرىنىڭ يوللۇق(ئوچۇق) بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ ئاندىن ئوۋغا ئاتلىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، يەنە بەزىلەر ئوۋغا ئېلىپ چىقىدىغان مىلتىق-تۇزاقلىرىنى ئىسرىقدايدۇ (قوي مېيى، كېپەك، كەپتەر پېيى، ئېشەك تۈكى ۋە ئاچچىق بۇيا قاتارلىقلار بىلەن ئىسرىقدايدۇ).

لوپنۇر ئوۋچىلىرى ئۇزاق مەزگىللىك ئوۋچىلىق قىلىش جەريانىدا يەنە ئۆزگىچە بولغان قاراش ۋە ئوۋچىلىق

بېشارەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىـ
كىچە: بىرىنچى، ئۇۋچى چوقۇم ئەل- جامائەت ئورنىدىن
قوپۇپ بولغۇچە مەھەللىدىن چىقىپ بولۇشى كېرەك،
ئادەم كۆرۈپ قالسا جۈملىدىن ئاياللار ئالدىغا ئۇچراپ
قالسا، ئۇۋدا يوللۇق بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ سەـ
ۋەبى، ئاياللار ئادەمنىڭ چەپ (سول) قوۋۇرغىسىدىن يۇـ
تۇلگەن، چەپ تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار خەيرىـ
لىك بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ، شۇڭا ئۇۋچى — پالۋانلاردا
يۇقىرىقىدەك قاراش شەكىللەنگەن. ئۇۋچىلىقتىن قايتقان
چاغدىمۇ ئۇۋچىغا ئادەملەر يولۇقۇپ قالسا، تۇتقان
جەرەن، كېيىك، توشقان، تۆگىلەرگە كۆز تېگىدۇ دېگەن
قاراش بولغاچقا، ئىلاجى بار كىشىلەرگە كۆرۈنمەسلىكى
شەرت؛ ئىككىنچىدىن، يولدا تۈلكە، مولۇن ئۇچراپ
قالغان بولسا گۇمان بىلەن بارىدۇ. تۇزاققا مولۇن چۈشسە
يامانلىقنىڭ بېشارىتى دەپ گۇمان قىلىدۇ. چۈنكى مولۇن
ئادەمنى كۆرگەندە ئۈركمەيدۇ، ئۇ ئىنتايىن ۋەھشىي؛
ئۈچىنچىدىن، ئۇۋچىغا يولدا قارا كېيىك ئۇچراپ قالسا،
‹بۈگۈن ئۇۋدا يولۇم بولغىدەك› دەپ قارايدۇ. ناۋادا
توشقان ئۇۋچىنىڭ ئالدىدىن يەنى، ئەڭ ئوڭ قول تەرەپـ
تىن سول قول تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈپ كەتسە، ‹بۈگۈن
ئۇۋدا يولۇم- تەلىيىم بولىدىكەن› دەپ قارايدۇ. ناۋادا
توشقان سولدىن ئوڭغا قاچسا ‹يولۇم بولمايدىكەن› دەپ
قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇۋچىلار ئۇۋغا چىقىشتىن
بۇرۇن ئىسرىق سالغان تۇزاقنى ئىشىكنىڭ تېشىغا ئاتىدۇ.
ناۋادا تۇزاق ئوڭ چۈشسە، ‹بۈگۈن ئۇۋدا تەلىيىم كېلىدىـ
كەن، يولۇم بولىدىكەن› دەپ ئويلايدۇ ۋە چۈشىنىدۇ؛
تۆتىنچىدىن، ئۇۋغا چىقىپ توشقانغا تۇزاق قويغاندا «بىسـ
مىللاھىر رەھمانىر رەھىم قىرىق قىز قىمىز ئانام» (قىرىق
چىلتەن دەپمۇ قارىلىدۇ) دەپ قەدەم سېلىپ ماڭىدۇ. جەـ
رەنگە تۇزاق قويۇشتىن بۇرۇن «بىسمىللاھىر رەھمانىر
رەھىم، يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنلارنىڭ رىزقى» دەپ
قويىدۇ، مىلتىقنى «پالۋانى ئەھمەت جەمشىد پىرىم» دەپ
قولىغا ئېلىپ ئۇۋغا ماڭىدۇ.

ئادەتتە ئوۋ ئوۋلاش ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا
ئاساسەن ئىلگىرى- كېيىن باشلىنىدۇ. جەرەن، كېيىك قاـ
تارلىق جانىدارلارنى تۇزاق قۇرۇپ ئوۋلايدۇ. قاپقان
بىلەن ئوۋلايدىغانلار ئوۋنى 8- ئاينىڭ 15-، 20- كۈنلىـ
رى باشلايدۇ. مىلتىق بىلەن ئوۋلايدىغانلار 11- ئايلاردا
ئېتىز- ئېرىقلار مۇز تۇتقاندىن كېيىن، كۆل بويلىرىغا ياكى
ئوۋ كۆپرەك ئۆتىدىغان يەرلەرگە كېلىپ 3- ئايغىچە ئوۋـ
لايدۇ. ئوۋنى قارىغا ئېلىپ ئاتىدىغاندا «ماشائاللاھۇ
ئەكبەر» دەپلا گۇم قىلىپ ئاتىدۇ. ناۋادا ئوق ئوۋنىڭ
جان ئالىدىغان يېرىگە تەگمەي قېچىپ كېتىپ، ئەتىسى
ئۇۋچىغا ئۆلگەن ھالەتتە ئۇچراپ قالسىمۇ پىچاق سۈرۈـ
لۈپ، ھالال دەپ قارىلىپ گۆشى ئىستېمال قىلىنىدۇ،
ئەگەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان «ماشائاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن
سۆز دېيىلمەي ئېتىلغان ئوقتا قېچىپ ئۆلگەن ئوۋنىڭ
گۆشى ھارام دەپ قارىلىپ ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

ئۇۋچىلار ئوۋغا تۇزاق قويغاندا تۇزاققا ئازراق ئارـ
غامچا ياكى باشقا ئېغىر نەرسىلەرنى باغلاپ قويىدۇ،
بۇنداق بولغاندا تۇزاققا چۈشكەن ھايۋان ناۋادا تۇزاقنى
بۇزۇپ قېچىپ كېتىپ قالسا باغلانغان ئارغامچا ياكى شۇ
ئېغىر بۇيۇمنى سۆرەپ مېڭىپ ئىز چىقىرىدۇ، ئۇۋچىلار
شۇ ئىزنى ئىزدەپ مېڭىپ ئوۋنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتۇۋاـ
لىدۇ، ناۋادا توزاققا چۈشكەن جانىدار جەرەن بولسا تۇزاق
قۇرۇلغان جايدىن ئىككى- ئۈچ كىلومېتىرلا ماڭالايدۇ،
ئەمما كېيىك چۈشۈپ قالسا ئۈچ- تۆت كۈنلۈك جايلارغا
قېچىپ كېتەلەيدۇ. ئادەتتە توشقانغا بۇ خىل ئۇسۇل قوللىـ
نىلمايدۇ. چۈنكى توشقان ئەزەلدىن قورقۇنچاق ھايۋان
بولغانلىقتىن ئۈركۈپ قاچىمەن دەپ قورقۇپ ئۆلۈپ قالىـ
دۇ. توشقانغا قويۇلغان چەتمەكنى كۈندە بىر، جەرەن- كېـ
يىككە قويۇلغان تۇزاقنى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يوقلايدۇ.
ناۋادا چەتمەك- تۇزاقلارغا بىر قانچە كۈن جانىدارلار
چۈشمەي قالسا، ‹چەتنەپ قاپتۇ› دەپ قارىلىپ، چەتمەك-
تۇزاقلارغا ئىسرىق سېلىپ قايتىدىن قۇرىدۇ.

ناۋادا ئۇۋچىلار ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا ئېزىپ
قالسا ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا بولمايدۇ، كەينىگە قاراپ
مېڭىپ دەسلەپ ماڭغان نىشاننى تېپىپ مېڭىشى كېرەك.
دەرەخ، توغراق، قۇم دۆۋىلىرى قاتارلىقلارغا سەپسېلىپ،
ئەسلىدىكى ئۆزىگە تونۇش بولغان يولنى تېپىۋالىدۇ. ناۋاـ
دا كەچ كىرگىچە توغرا يولنى تاپالماي قالسا يۇلتۇزغا
قاراپ يۆنىلىشنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. چۈنكى يۇلتۇزـ
نىڭ ئورنىغا قاراپ، قايسى تەرەپنىڭ تاغ تەرەپ ئىكەنلىـ
كىنى نىشانلىۋېلىپ ماڭسا ئېزىپ قالمايدۇ. ناۋادا بىر
نەچچە ئۇۋچى تويۇقسىز ئادىشىپ بىر- بىرىدىن ئايرىلىپ
كەتكەندە، كۈن ئولتۇرغان ھامانلا دۆڭگە ئوت يېقىپ،

ئۆزئارا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇپلىشىدۇ.

ئوۋچىلىقتا بوران-چاپقۇن چىقىپ، چۆلدە ئېزىپ قالغاندا بىردىنبىر ھاياتلىقنى قۇتقازغۇچى — ئوۋغا چىققاندا مىنگەن ئات. ئاتنىڭ تەرەپنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغاچقا ئوۋچىلار بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزى مىنگەن ھايۋاننى خالىغانچە قويۇپ بېرىپ، شۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭسا يول تېپىپ قۇتۇلۇپ چىققىلى بولىدۇ.

داڭلىق بىر ئىزچى، ئوۋچى بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كۈچلۈك بولغان يۆنىلىش پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولۇش كېرەك. يەنە بىرى، ئوۋچىلىقتا كېرەكلىك ئەسۋاپ يەنى ئوۋچىلىق قوراللىرىغا ئىگە بولۇشمۇ زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرى. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئوۋ مۇھىتىنى يەنى شارائىتنى، پەسلىنى ياخشى ئىگىلەش، سۇ، ئوتۇن يوق يەردە ئوۋچىلىق قىلماسلىق. ئوۋچىلىق جەريانىدا ھايۋان كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك.

ئوۋچىلىقتا ئوۋلايدىغان جاندارلار ئاساسەن تەكلىماكان تەرەپتىن كېلىدىغان بولۇپ، ئىزچىلار ئۇلارنىڭ ئىزىغا قاراپ سۇ ئىچكىلى ياكى ئوتلاققا ماڭغانلىقىنى پەرق ئېتەلەيدۇ، يەنى، ئۇدۇل مېڭىپ كەلگەن بولسا سۇ ئىچكىلى ماڭغان، ئۇ يەر، بۇ يەردە ئوتلاپ ماڭغان بولسا ئوتلاققا ماڭغان دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. سۇ ئىچكىلى ماڭغان بولسا ئۈچ-تۆتى بىر توپ بولۇپ بىر-بىرىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئوۋچىلار ئۆزى ئىزدىگەن ئوۋنىڭ مەنزىلىنى بېكىتكەندىن كېيىن ئوۋ بارىدىغان جايغا قاراپ يول ئالىدۇ. مېڭىش جەريانىدا جاندارنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قوراللاپ ماڭمايدۇ، مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن مۇۋاپىق ئورۇننى تاللاپ تەييارلىنىپ تۇرىدۇ. ناۋادا مۇۋاپىق ئورۇن بولمىسا ئۆزلىرى ياغاچ-تاشلاردىن دالدىلىنىدىغان يەر ياساپ ئۇلارنى كۈتىدۇ ۋە مۇۋاپىق پەيتتە قورۇلغا ئېلىپ ئوق ئۈزىدۇ.

ئوۋ ئوبيېكتى بولغان كىيىك، جەرەن، بۇغا قاتارلىق جاندارلار ئىنتايىن سەزگۈر بولغاچقا، ئوۋچىلار ئوۋغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال توپا سورۇش ۋە بارمىقىنى ئىسسىتىپ يۆنىلىش بەلگىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق شامال يۆنىلىشىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. (لوپنۇردا كۆپىنچە جەنۇب-شىمال يۆنىلىشتىكى شامال كۆپرەك چىقىدۇ)، ناۋادا شامال ئوۋ بار دەپ ھۆكۈم قىلغان تەرەپكە قارشى چىقسا بىۋاستە ئوۋ بار تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ، ئەمما شامال ئۆزلىرى ئوۋ بار دەپ ھۆكۈم قىلغان يۆنىلىشتە بولسا شۇ شامال يۆنىلىشىگە قارشى بىر-ئىككى كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن ئايلىنىپ مېڭىپ ئوۋنىڭ كەينىگە ئۆتىۋالىدۇ ۋە جاندارلار كېلىدۇ دەپ پەرەز قىلغان جايدا يوشۇرۇنۇپ ئوۋنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ ۋە مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ ئوۋلايدۇ.

بۇغا ياز كۈنلىرى ئەتىگەن سائەت تۆتتىن باشلاپ 7:30دىن 8:00 گىچە ئوتلايدۇ. تويۇنغاندىن كېيىن يۇلغۇن سايىسى ياكى ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. چېكىنچۈش بولغاندا يەنە بىر ئوتلايدۇ، بۇغىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئەتىگەندە ئوتلىغان جايىنى پەرەز قىلىپ ئىس توسىدۇ ياكى ياتقان يېرىنى كۆرۈپ ئىس توسىدۇ. ناۋادا ئورمان ئارىسىغا كىرىپ ئىز بولۇپ چىقمىغان بولسا ئۆز پەرىزىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، چۈشتە ئوتلاققا ياكى سۇغا چىقىدۇ، دېگەن پەرەز بىلەن شۇ ئەتراپتىكى ئەپلىك بىر دۆڭنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ بۇغا چىقىشى ھامان ئوۋلايدۇ. بۇغا 6-ئايدىن باشلاپ تۇغۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەزگىلدە ئانا بۇغىلارنى ئوۋلاش مەنئى قىلىنىدۇ. ناۋادا ئوۋلىماقچى بولسا ئەركەكنى كۆپرەك ئوۋلايدۇ، چۈنكى ئەركىكى سېمىز، گۆشى تەملىك بولىدۇ، شۇڭا ئوۋچىلار 9-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1-ئايغىچە داۋاملىق ئەركىكىگە قەست قىلىدۇ.

جەرەن — ئۇ بەك چېچەن جانىۋار بولۇپ، ماڭغاندا تۇرۇپ قاراپ تۇرۇپ يەنە ماڭىدۇ. شۇڭا ئوۋچىلار ئۇنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇپ قويۇشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بارىدىغان جايىنى ئالدىن پىلانلاپ ئايلىنىپ بېرىپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپ ئوۋلايدۇ. جەرەن قىش كۈنى ئۇسسۇزلۇققا چىدىمايدىغان جانىۋار بولۇپ، ئەتىگەنلىكى چۆلدىن سۇ بار يەرگە كېلىپ سۇ ئىچىدۇ، ياز كۈنلىرى بولسا ئوتنىڭ سۈيى بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان بولغاچقا ئاساسەن سۇ ئىچكىلى كەلمەيدۇ. 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەركەك-چىشىلىرى بىر-بىرىگە سۈركۈنگە كىرىدىغان ۋاقتى بولۇپ، مۇشۇ مەزگىلدە بىللە ياشايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەركەك جەرەننىڭ سىيىپ-چېچىدىغان جايى مۇقىم بولىدۇ. ئۇنىڭ سىيدۇكى بۇ ۋاقىتتا تاتلىق پۇرايدۇ. ئۇزۇقلانغاندىمۇ مۇقىم بىر جايدا ئۇزۇقلىنىدۇ. جۈپلەشكەندىن كېيىن، جەرەننىڭ تېكىسى ئورۇقلاپ كېتىدۇ. ئوۋچىلار جەرەننىڭ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە

ئاساسەن ئۇلارغا قاپقان قويۇپ ئاسانلا ئوۋلايدۇ، شۇڭا ئوۋچىلار 3-ئايدىن 6-ئايغىچە بولغان تۆل قالدۇرۇش مەزگىلدە ئۇلارنى ئوۋلاشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. قالغان چاغلارنىڭ ھەممىسىدە ئوۋلايدۇ، بولۇپمۇ 9-ئايدىن 12-ئايغىچە ئەركىكىنىڭ پىيىگە چۈشىدۇ.

مەيلى جەرەن، مەيلى بۇغا ۋە باشقا جاندارلار تۇغار مەزگىلى ياكى بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇلارنى ئوۋلاش مەنئى قىلىنىدۇ.

ئوۋلىغان جاندارنىڭ گۆشى تۇزاقتا تۇتقان جاندارنىڭ گۆشىدىن تاتلىق بولىدۇ، ياغلىرىمۇ ئادەمنى سەسكەندۈرمەيدۇ، گۆشلىرى ئىنتايىن قارا ۋە يېپىشلىك بولىدۇ.

ئادەتتە ئوۋچىلارنىڭ «نوچى» دەپ ئاتىلىدىغان، ئوۋچىلىقتا دالدىلىنىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئورنى بولۇپ، ئاساسلىق جاندارلارنى سۇ ئىچكىلى كېلىدىغان جايغا ياسىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: يەنى، جاندارلار دائىم كېلىپ سۇ ئىچىدىغان كۆل ئەتراپىدىكى بىر ئوق يېتىم جايدىن ئوۋ ئوۋلاشقا مۇۋاپىق بولغان جاينى بېكىتىپ بېكىتىلگەن جاينى تەخمىنەن بىر ئادەم ئەركىن ھەرىكەت قىلالىغۇدەك كەڭلىك (تەخمىنەن بىر كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا) ۋە مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇقتا (يەر شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ۋە ئوۋچىنىڭ بوي ئېگىزلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قېزىلىش چوڭقۇرلۇقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، يەنى جاندارلار ئېگىزدىن كەلسە چوڭقۇرراق، تەخمىنەن 50 ــ 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، تۆۋەندىن كەلسە تېيىزراق تەخمىنەن 30 ــ 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا) قېزىلىپ ئەتراپى شاخ-شۇمبا ۋە چىگىلەر بىلەن توسۇپ قويۇلىدۇ. ئوۋ ئوۋلاش مەزگىلدە ئوۋچىلار نوچى ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ ئوۋنى كۆزىتىدۇ، ياسالغان بۇ نوچى ئوۋچىلار تەرىپىدىن 10 ــ 20 يىل ئىشلىتىلىدۇ.



## ئىز چالىش (ئىز ئىزدەش)

لوپنۇر لوپلۇقلىرىدا مەيلى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسۇن ياكى ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانسۇن بىرىنچى بولۇپ ئىزچالىشنى ئۆگىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىز چالىشنى بىلمىگەن كىشى بۇ ئىككى تۈرلۈك كەسىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. لوپنۇرلۇق چارۋىچىلار ئىلگىرى پادىلارنى ئوتلاق تەرەپكە قويۇپ بېرىدۋېتىپ كەچ بولغاندا ئۇلارنىڭ ئىزىدىن چالىپ ئوتلاقتىكى قويلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تېپىپ قايتۇرۇپ كېلەلەيدۇ (بۇ ئادەت ھازىرمۇ بار، لېكىن بەك ئاز). ئوۋچىلارمۇ ئۆزى ئوۋلىماقچى بولغان جاندارنىڭ نېمىلىكى، قەيەرگە، نېمە مەقسەتتە ماڭغانلىقىنى شۇ جاندارنىڭ ئىزىغا قاراپ پەرق قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئىزچىلىقتىن خەۋەرسىز ئوۋ ئوۋلاش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ ۋە ئوۋچى سانالمايدۇ.

ئىز چالىشتا يەنە ئىزنىڭ شەكلى ۋە ھالىتىگە قاراپ شۇ ئىزنىڭ قاچان سېلىنغانلىقىنىمۇ پەرق ئېتىشكە بولىدۇ. يەنى، كېچىكى (كېچىدىكى) ئىز بولسا ئۈستىدە شەبنەم بولىدۇ. ئەتىگەنكى ئىز بولسا چۈشكەن شەبنەمنى چېچىپ ماڭىدۇ ۋە بۇنى يېڭى ئىزكەن دەپ ھۆكۈم قىلىش بىلەن بىللە، جاندارلارنىڭ قالدۇرغان مايىقىغا ۋە سۈيدۈكىگە قاراپ ئۆز ھۆكۈمنى جەزملەشتۈرىدۇ. (ياز ۋاقىتلىرى سۈيدۈك كۆپۈكى يېتمىگەن، مايىقى قاتمىغان، قىش ۋاقتى مايىقى توڭلاپ كەتمىگەن ھالەتتە بولىدۇ)، كۈن ئۆرلەپ كەتكەندىكى ئىز بولسا ئۇ يېڭىلا ئاقىرىپ تۇرىدۇ. ئىككى-ئۈچ كۈن ئارىلىقىدىكى ئىز بولسا ئۆزى ئۆچىدۇ. بىر قەدەمدىكى ئىز ئۆچۈپ بىر قەدەمدىكى ئىز قالغان بولسا، ئۈچ كۈننىڭ نېرىقىدىكى ئىز دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەگەر ھەممىلا قەدەمدە ئىز ئۆچكەن، ئەمما تۈرى يېتىپ كەتمىگەن بولسا، ئىككى-ئۈچ كۈن بوپتۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بىرەر-ئىككى سائەت ئالدىدىكى ئىز بولسا ئىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ پەرق ئېتىدۇ، بۇنداق پەرق ئېتىشتە يەنە ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ.

ئادەتتە ئوۋلىماقچى بولغان جاندارلار بولسۇن ياكى باشقا يىرتقۇچ جاندارلار بولسۇن ئۇستا ئوۋچىلار ئۇلارنىڭ ئىزىدىكى ئوخشىماسلىقلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ قانداق جاندارنىڭ ئىزى ئىكەنلىكىنى، نەچچىسى بارلىقىنى، قايسى تەرەپكە نېمە مەقسەتتە ماڭغانلىقىنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدۇ ۋە بىلەلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇدۇل ماڭغان بولسا، توختاپ ماڭغان ئىزنى بايقىمىسا سۇ ئىچكىلى مېڭىپتۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ يەر، بۇ يەردە توختاپ ۋە ئۇنى يەپ، بۇنى يەپ ماڭغان بولسا ئوتلاپ ماڭغان، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ئىزچىلار ئۈچۈن بىر قاتار ئىزلارغا قاراپ بىر مۇنچە ئۆچكىنىڭ ئارىسىدا بىرەر قوينى بايقاشمۇ ئادەتتىكىدەكلا

بىر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھەتتا يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئات ئۇستىدە تۇرۇپمۇ يەردىكى ئىزغا قاراپ ئۇلارنىڭ مېڭىش يۆنىلىشى، مەنزىلى ۋە بوغاز جاندار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلەيدۇ.

ئوۋچىلارنىڭ جاندارلارنىڭ ئىزىغا قاراپ ئۇلارنى پەرقلەندۇرەلىشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ قالدۇرغان ئىزىنىڭ ئوخشىماسلىقى بولۇپ، ئۆچكىنىڭ ئىزى شاقشىقى (ئاچمىقى) كېرىلىپ چۈشىدۇ. قوينىڭ شاقشىقى ئايرىلماي توم چۈشىدۇ، كەينى پۇتنى ئالدى پۇتىدىن ئۆتكۈزۈپ دەسسەيدۇ. ئۆچكە كۆپ ھاللاردا ئالدى پۇتىنىڭ ئىزىغا دەسسەيدۇ. كېيىكنىڭ ئىزى توم، قەدىمى چوڭ بولىدۇ، ئۇمۇ ئالدى پۇتىنىڭ ئىزىغا دەسسەيدۇ، ئەمما ئىزى توم، قوي، ئۆچكىلەرنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ. جەرەننىڭ شاقشىقىنىڭ ئالدى يېقىن، كەينى سەل كەڭرەك بولۇپ، قايچا شەكلىدە چۈشىدۇ. ئىزى قوينىڭ ئىزىدەك چوڭلۇقتا چىرايلىق چۈشىدۇ، ئالدى پۇتىنىڭ ئىزى تومراق، كەينى پۇتىنىڭ ئىزى ئىنچىكىرەك بولىدۇ، كەينى پۇتنى ئالدى پۇتىدىن ئۆتكۈزۈپ دەسسەيدۇ. باشقا ھېچقانداق جانىدارنىڭ ئىزىغا ئوخشىمايدۇ. شەكلى ئۇزۇنچاق ھەم ئەركىكى يەرنى تاتىلاپ شۇ يەرگە سىيىپ چىچىدۇ. ياتىدىغان يېرىنى «تاتىلاق» دەيمىز. ئوۋچىلار شۇ ئەتراپتىكى ئىز كۆپ چۈشكەن جايغا يەرگە تۇزاق قويىدۇ، ناۋادا، جەرەننىڭ قول-پۇتى زەخىملەنگەن بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ئىزىدىن بىلىنىپ قالىدۇ. ئىزى جىراپ ياكى چوققۇپ دەسسەپ ماڭىدۇ. بۇنىڭدىن ياردار بولغان ياكى تۇزاقتىن ئاجرىغان جاندار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەجرۇھنى «ئېيۇنغۇ ئىكەن» دەپ قارايدۇ. مۇشۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ تۇتىدىغانلارمۇ بار. كېيىكنىڭ ئىزى چوڭ بولۇپ، كالىنىڭ ياكى موزاينىڭ ئىزىغا بەكرەك ئوخشايدۇ، شەكلى ئۇزۇنچاق بولىدۇ، بوغۇسى (ئەركىكى) يەرنى ئويۇپ دەسسەيدۇ. ئېشەكنىڭ، قېچىرنىڭ تۇيىقى ئۇزۇنچاقراق، تومراق كېلىدۇ. ئاتنىڭ تۇيىقى يۇملاق بولۇپ، ئىزى چوڭ تۇقاچقا ئوخشاش يۇملاق چىقىدۇ. تۈلكىنىڭ ئىزى ئىتنىڭ ئىزىغا ئوخشايدۇ، كىچىك بولىدۇ. مولۇننىڭ ئىزى چامغۇرغا ئوخشاش يۇملاق ۋە چىرايلىق چۈشىدۇ، مۈشۈكنىڭ ئىزىغا ئوخشايدۇ. توشقان بىر يىلدا ئۈچ قېتىم تۇغىدۇ. بالىسىنى ئاز ئېمىتىدۇ. مۇز ئېرىگەندىن كېيىنلا يەرنى كولاپ ئوتنىڭ يىلتىزىنى يېيىشكە باشلايدۇ، توشقان تاقلاپ ماڭىدىغان بولغاچقا ھەممە ئىزى باشقا تۆت پۇتلۇق جاندارلارنىڭ ئىزىغا ئوخشىمىغاچقا، شۇنداقلا مۇقىم يولى بولغاچقا ئوۋچىلار ئۇلارنى ئاسانلا بايقاپ ئوۋلىيالايدۇ.

قارا كېيىك (توڭگۇز)نىڭ قەدىمى قىسقا بولىدۇ، ئۇنىڭ تۇيىقىدىن سىرت كەينىدە كىچىكرەك بىر ئايرىم شاقشىقى بولىدۇ، بۇ كىچىك شاقشىقىمۇ يەرگە سانجىلىدۇ، ئەمما باشقا قوي، ئۆچكە قاتارلىق جاندارلارنىڭ بولسا كىچىك تۇيىقى يەرگە تەگمەيدۇ، بۇ پەرقلەندۇرۇشتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. لوپنۇرلۇقلار قارا كېيىكنىڭ ئەركىكىنى قاۋان، چىشىسىنى مىكىجىن دەپ ئاتايدۇ. قارا كېيىك ئادەتتە ئوۋچىلارنىڭ ئوۋلاش ئوبيېكتى ئەمەس، ئەمما ئۇ گۆشخور ھايۋان بولۇپ، چارۋىلارغا ھۇجۇم قىلغان ئەھۋاللاردا، قوغۇن، قوناق، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرگە زىيان سالغان ئەھۋاللار بايقالسا ئوۋچىلار قارا مىلتىق، ئىت، ئارا، نەيزە ياكى باشقا قوراللار بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋېتىدۇ.

ئۇستا ئىزچىلار ئادەملەرنىڭ ئىزىغا قاراپ نەرسە كۆتۈرۈپ ماڭغان ياكى قورۇق قول ماڭغانلىقىنىمۇ پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇپ، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئىزغا قاراپ ئىزدەپ ئوغرىلارنى تۇتقان. بۇنىڭدا ئاۋۋال ئىزچىلار ئۆزى گۇمان قىلغان ئوغرىلارنىڭ ئىزىغا سەپسىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ شۇ ئوغرى ئوغرىلىق قىلغان بولسا ئىزىغا قاراپ تېپىۋالىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن تا بۈگۈنگىچە لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا ئوغرى بولمىغان.

بېلىقنىڭمۇ ئىزىنى بىلگىلى بولىدۇ، بېلىقنىڭ كۆپ ماڭغان سۇ تېگى قاتتىق بولىدۇ، قالغان تەرەپلىرى يۇمشاق بولىدۇ ھەم بېلىقنىڭ قاناتلىرىنىڭ ئىزى چىقىپ قالىدۇ، ھەم يەرلەرنى ئويۇپ ئىز چىقىرىپ قويىدۇ، سۇ ئاستىدىكى يۇمران ئوت-چۆپلەرنى يۇلۇپ سۇ ئۈستىگە چىقىرىپ قويىدۇ، بۇنىڭدىن بېلىقنىڭ بار-يوقلۇقى ۋە ئاز-كۆپلۈكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

توشقان ياكى قىرغاۋۇل ئوۋچىلىقىدا ئوۋچىلار ئىزنى ئىزدەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار. مەسىلەن، توشقان كۆپىنچە ھاللاردا كۆڭگەي تەرەپكە قاراپ ياتىدىغان بولغاچقا ماھىر ئوۋچى ياتاق (توشقان قاتارلىقلارنىڭ يوشۇرۇنغان جايى)نى توشقاننىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزىدىن ئاسانلا

بايقىۋالالايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئەركەك توشقان تۆت-
بەش قەدەمدە بىر يەر تاتىلاپ ماڭىدۇ. ئىزى مۇشۇكنىڭ-
كىگە ئوخشاپ قالىدۇ، قىرغاۋۇلنىڭ ئىزى بولسا توخۇنىڭ-
كىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. توشقان، قىرغاۋۇلنىڭ دائىم ماڭى-
دىغان يولى بولىدۇ. شۇڭا ئوۋچىلار بۇلارنىڭ ئىزىنى نا
هايىتى ئاسانلا بايقاپ، ئۇلارنىڭ ئۆتەر يولىنىڭ كېسىش
كەن يېرىنى كولاپ قىلتاق قۇرىدۇ ياكى چىت تۇۋىدىكى
ماڭىدىغان يېرىگە سوغان قۇرۇپ تۇتىدۇ. ئادەتتە قىرغا-
ۋۇلنىڭ چىشىسى بەكرەك جاھىل بولغاچقا، قىلتاق ياكى
سوغانغا چۈشۈپ قالسا تارتىپ، سۆرەپ پالاقلاپ كۆپىن-
چىسى مەكرۇ بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئوۋچىلار بۇلارغا قو-
يۇلغان قىلتاق ياكى سوغانلارنى كۈندە ئۈچ ياكى تۆت
قېتىم يوقلاپ تۇرىدۇ.

تىكەنلىكتە ئۆتكەن مەشهۇر ئىزچى ئۆردەك ئۇماق
(1864 ــــ 1942) ۋە قارىچۇغىدا ياشاپ ئۆتكەن داڭلىق
ئىزچىلاردىن ئىبراهىم پالۋان، ساۋۇت پالۋان، نامان
پالۋان، هەمزە پالۋان، ئالىي پالۋان، قاسىم قادىر قاتارلىق-
لار، هاياتلاردىن تۇردى سالىي، قېيىم بەكرى، توختى
ئەمەت، قادىر كۈچا، ئىسلام ئەمەت قاتارلىقلار بار.

## ئوۋچىلىق قوراللىرى

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئوۋچىلىق قوراللىرى ئاساسەن
ئوقيا، سوغان، قىسماق، تاپانتوزاق، نەيزە، قارا مىلتىق
قاتارلىقلار بولۇپ، ئىت، قارچۇغا، قۇش بىلەنمۇ ئوۋ
قىلىش ئومۇملاشقان. خەلقى قارا مىلتىق دەپ ئاتىلىدىغان
بىر خىل يەرلىك قورالدا ئوۋ ئوۋلىغان بولۇپ، مىلتىقنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىردىن 100 سانتىمېتىرغىچە، مىلتىق-
نىڭ پايىنكى (مىلتىقنىڭ تەپكىسى بار ئورۇن، قولدا تۇتى-
دىغان يەر) توغراق ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. مىلتىقنىڭ پايىن-
كىنىڭ ئۈستىدىكى ئاچماق يەر قونداق دېيىلىدۇ. مىلتىق-
نىڭ ئوق سالىدىغان، بەتلەيدىغان، قارغا ئالىدىغان قىسمى
شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ قورال ئوۋچىلارغا نىس-
بەتەن بىرىنچى دەرىجىلىك ئوۋ قورالى هېسابلىنىدۇ. قو-
رالغا ئىشلىتىدىغان ئوق مەسلىسگە كەلسەك، ئوقنىمۇ
ئوۋچى-پالۋانلار ئۆزلىرى ياسىۋالىدىغان بولۇپ، ئاۋۋال
سۆكتەك دەپ ئاتىلىدىغان بىر سايماندا ئوقنىڭ قېلىپى
ياساپ، شۇ قېلىپتا قوغۇشۇننى ئېرىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرى-
گە لازىملىق ئوقنى ياساپ چىقىدۇ. ياسالغان ئوق
چىلانىنىڭ سۆكى (ئۇرۇقنى قەدىمكى لوپنۇرلۇقلار سۆك

دەپ ئاتايدۇ) چوڭلۇقىدا بولىدۇ.

قارا مىلتىقتا ئاساسەن ياۋا تۆگە، جەرەن، بۇغا،
تۈلكە، بۆرە، يولۋاس، مولۇن، توشقان قاتارلىق جاندار-
لار ئوۋلىنىدۇ. ئوۋلىغاندا ئېتىش ئارىلىقى ئەڭ ئۇزاق
بولغاندا 100 مېتىر بولىدۇ. 30 مېتىردىن 50 مېتىرغىچە
يېقىن ئارىلىقتا ئۆملەپ بېرىپ، ئوۋغا يېقىنلىشىپ ئېتىشقا
بولىدۇ.

قارا مىلتىقتىن باشقا يەنە قىلتاق، قىسماق، سوغان قا-
تارلىق ئوۋچىلىق قوراللىرىمۇ بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىل-
دىغان بولۇپ، ئوۋچىلار تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدى-
غان قوراللاردۇر. ئوۋلاش ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا
قاراپ بۇ قوراللارنىڭمۇ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى ئوخشىماي-
دۇ.

ئۆشى ــــ توشقان تۇتىدىغان تور. بۇ خىل تور
ئىككى تال يۇلغۇن ياغىچىغا تور بېكىتىپ ياسىلىدۇ. ئادەت-
تە چوڭ ئۆشى، كىچىك ئۆشى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.
كىچىكى ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ۋە كەڭلىكى بىر
مېتىر قىلىپ ياسىلىپ، توشقانلار داۋاملىق ئۆتىدىغان چىت-
لاقلار ئارىسىدىكى تار ئۆتەر يولغا بوشراق تارتىپ قويۇ-
لىدۇ. چوڭ ئۆشى بولسا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ئون مېتىر-
دىن 15 مېتىرگىچە ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئاساسلىق كەڭ دا-
لىلاردا، يۇلغۇن، توغراقلىقلار ئارىسىدا توشقان قوغلىغاندا
ئىشلىتىلىدۇ. ئۆشىدە توشقان تۇتقاندا توشقان بار دەپ
پەرەز قىلىنغان جايلارنى قارىقويۇق ئاختۇرۇپ توشقانلار-
نى قورقۇتۇپ سۈرگۈن قىلىدۇ، قورقۇپ قاچقان توشقان-
لار ئۇدۇل بېرىپ قۇرۇپ قويۇلغان ئۆشىگە ئۇسسۇپ
توختايدۇ.

سوغان (زىرتماق ياكى سىرتماق) ــــ ئارغامچىدىن
ياسىلىدىغان ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قورال
بولۇپ، تۇتماقچى بولغان ئوۋنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، قو-
يۇلىدىغان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ باسما سوغان
ۋە ئاسما سوغان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. باسما سوغان
قۇرۇش ئۇسۇلى بىر قەدەر مۇرەككەپ، كۈچ تەلەپ قىلى-
دىغان بولۇپ، ئاساسلىق جۇغى بىر قەدەر چوڭ جاندار-
لارنى ئوۋلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئاسما سوغاننىڭ ياسىلىش
ئۇسۇلى باسما سوغاندەك ئۇنداق مۇرەككەپ ئەمەس
بولۇپ ئاساسلىق جۇغى كىچىك بولغان توشقان، تۈلكە،
مولۇن قاتارلىق جاندارلارنى ئوۋلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

سوغاننىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا جاندارلارنىڭ پۇتىدىن ياكى بويىنىدىن تۇتىدىغان بولۇپ، جاندارلارنى زەخىملەندۈرمەيدۇ.

**قىسماق (قاپقان، تۇزاق) تۈرلىرى**

قىسماق ــ ئادەتتە تاغلاردا ۋە جاڭگاللاردا ياشايدىغان بۆرە، جەرەن، كىيىك، تاغ ئۆچكىسى، بۆكەن... قاتارلىق ياۋايى جاندارلارنى ئوۋلايدىغان، ئوۋچىلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر تۈرلۈك ئوۋ قورالى بولۇپ، چىشلىق قىسماق ۋە چىشسىز قىسماق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

چىشلىق قىسماق ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى مەخسۇس كىيىك مۈڭگۈزلىرىنى قوقاستا قىزىتىپ، يۇمشىتىپ، ئەتراپىغا چىش چىقىرىلىپ، چۆرىسىنى ياي شەكلىدە ئېگىپ، زەي بىلەن تارتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ياسايدۇ. زەينىڭ ئوتتۇرىغا ياغاچ بالداقتىن تۇتقۇ بېكىتىپ، هارامزادە (ئىلچۇق) ياساپ، تۇتقۇنى قىل ئارغامچىغا باغلاپ، ئاستى تەرەپكە كامار كولاپ، ياۋايى جاندارلارنىڭ ئۆتەر يولىغا قويۇلىدۇ. بۇنداق قىسماقلارنىڭ ئايلانمىسى يىرىم مېتىرچە كېلىدۇ. يەنە بىرى تۆمۈردىن ياسالغان قىسماق بولۇپ، بۇ خىل قىسماق تۆمۈرنى بىر قانچە قېتىم تاۋلاپ ھەم چىش چىقىرىپ، ياكى تۆمۈرنى جۈپ قىلىپ ئاي شەكلىدە ئېگىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئاستى تەرەپكە ئوۋ چۈشكەندىن كېيىن دەرھال ئېتىلىپ چىڭ قىسىپ تۇرۇش ئۈچۈن قوچ تۆمۈردىن قوپاغۇ ۋە قۇلاق ئىشلىنىدۇ. قۇلاق قوتاز يۇڭىدىن ئىشلەنگەن ئون مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى ئارغامچىغا باغلىنىپ، ياۋايى جاندارلارنىڭ ئۆتەر يولىغا قويۇلىدۇ.

چىشلىق قىسماقتا ئاساسلىق قىلىپ قارا كىيىك (توڭگۇز)نىلا تۇتىدۇ. چۈنكى قارا كىيىك ناھايىتى كۈچلۈك ھەم ئەقىللىق ھايۋان بولۇپ، ناۋادا چىشسىز قىسماققا چۈشۈپ قالسا، تۆمشۇقىدا قىسماقنىڭ كېرىچىنى بېسىپ تۇرۇپ پۇتىنى چىقىرىۋالالايدۇ، شۇڭا قارا كىيىكنى تۇتۇشتا چىشلىق قىسماق ئىشلىتىلىدۇ.

چىشسىز قىسماقنىڭ چوڭ ـ كىچىكى بولىدۇ، ئۇنى جاندارلارنىڭ جۈغىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ مۇۋاپىقنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ.

قىسماققا ئۇنىڭ كېرىچىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان كىچىك كىنە بىر ئىلمەك بولىدۇ، بۇنى يەرلىك خەلق ھارامزادە دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭغا تېگىپلا كەتسە، ھارامزادە ئاجراپ قىسماق ئوۋنى تۇتۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ قىسماقنى بېسىپ تۇرۇش رولى بار.

بۇنىڭدىن باشقا لوپنۇرلۇقلاردا قۇش تۇتۇشقا ئىشلىتىدىغان يۇلغۇن چۇبۇقىدىن ياسىلىدىغان ئاددىي قىسماقلارمۇ بولۇپ، ئاساسەن غاز، ئۆردەك قاتارلىق سۇ قۇشلىرىنى تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل قىسماق ئادەتتە سۇ قۇشلىرى ئوتلايدىغان ئوتلاقنى تاللاپ، قۇشلارنىڭ پوكىنىغا كەلگۈدەك قىلىپ ئىككى تال قومۇش بىلەن توسۇلۇپ ئاردا بىر ئۆتۈشمە يول قويۇلىدۇ. يۇلغۇن چۇبۇقنى ئېگىپ ياسىغان قىسماق مۇشۇ يولغا قويۇلىدۇ. سۇ قۇشلىرى ئوزۇق ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەندە توسۇلۇپ قېلىپ، قىسماق قويۇلغان ئۆچۈق يولدىن ماڭىدۇ ـ دە، قىسماققا دەسسىگەن ھامان چاچرىغان قىسماق قۇشنىڭ بويىنى، پۇتى ياكى قانىتىنى قىسىۋالىدۇ.

چەتمەك ــ مەخسۇس توشقان تۇتۇش ئۈچۈن تۆمۈردىن ياسىلىدىغان كىچىكرەك، ئەپچىل ئوۋچىلىق قورالى بولۇپ، بېدىش (قول بىلەن بېسىپ تۇرىدىغان قىسمى)، گەردىش (توشقاننى تۇتىدىغان بىر جۈپ يېرىم چەمبەر شەكىللىك قىسمى)، پېتەك (ئاستىدىكى يۇمىلاق قىسمى بولۇپ، قېلىنراق رەخت بىلەن ئورۇلۇپ تىكىلىدۇ)، ھارامزادە (يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان، توشقاننى كۆزلەيدىغان قىسمى) قاتارلىق قىسىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

يۇقىرىقى قوراللاردىن باشقا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدا قارىچۇغىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، ئوۋچىلار ئۇنى ئوۋچىلىقتا ئىشلەتكەن. ئادەتتە قارىچۇغا ئۈچ ـ تۆت ئايدا تۇخۇم تۇغىدۇ، 40 كۈندە تۇخۇمدىن چىقىدۇ. بىر يىل بولغىنىنى بوز قارىچۇغا، بىر يىلدىن ئاشقىنىنى تۇلەك قارىچۇغا دېيىلىدۇ. ئوۋچىلار ئادەتتە قارىچۇغىنىڭ چوڭىنىمۇ، كىچىكىنىمۇ كۆندۈرىدۇ. ئەمما چوڭىنى كۆندۈرۈش بىر قەدەر قىيىن بولۇپ، 70 ـ 80 كۈن كېتىدۇ. كىچىكلىرىنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن 30 ـ 40 كۈن كېتىدۇ.

**لوپنۇرلۇقلارنىڭ يولۋاس، قاما، قارا كىيىك، غاز ئوۋلاش ئۇسۇللىرى**

لوپنۇرلۇقلار لۈكچۈن ۋاڭلىرى، تۇرپان ئامبىلى

(كېيىن قارا شەھەر ئامبىلى)غا ھەر خىل سېلىقلارنى تۆلە-
گەن، شۇ تۆلىگەن ئولپان ئىچىدىكى يولۋاس تېرىسى قا-
تارلىقلارغا ئېرىشىش جەريانى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ئۇ-
چۇرلار ساقلانغان. لوپنۇرلۇقلار ھۆكۈمرانلار تاپشۇرىدى-
غان يولۋاسنىڭ تېرىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم
كالىنى يولۋاس بار جايغا ھەيدەپ بېرىپ يولۋاسنىڭ تۇتۇ-
شى ئۈچۈن تەييارلايدۇ، يولۋاس كالىنى ئۆلتۈرۈپ سۇ-
ۋۇغاندا يېيىش ئۈچۈن تاشلاپ كېتىدۇ. لوپنۇرلۇقلار 50 ـ
60 كۈچۈلىنى يۇمشاق يانجىپ 20 ـ 30 ئۇششاق خالتىغا
سېلىپ تەييار قىلىپ، ماراپ تۇرۇپ يولۋاس كالىنىڭ ئۆلۈ-
كىنى تاشلاپ كەتكەندە، ئوۋچىلار كالىنىڭ گۆشىگە پە-
چاقنى تېرەن سانجىپ، كۈچۈلنى شۇ يەرگە تىقىپ ئېغىزد-
نى تىكىۋېتىدۇ. كالىنىڭ گۆشىگە 20 ـ 30 خالتا كۈچۈلنى
تىقىۋەتكەندىن كېيىن ئوۋچىلار كېتىدۇ. يولۋاس ئەتىسى
كېلىپ گۆشنى يەپ كېتىدۇ، ئوۋچىلار كېلىپ يولۋاسنىڭ
تاپان ئىزىغا قاراپ كەتكەن تەرىپى ۋە كۈچۈلنىڭ تەسى-
رىنى بىلەلەيدۇ، كۈچۈلا قانچە تەسىر قىلغانسېرى ئىزى
يۇمىلاقلىشىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇچرىغان ئادەمگە سالىدى-
غان زىيىنى چوڭ بولغانلىقتىن ئارىلىق ساقلايدۇ، كۈچۈلا
يېگەن يولۋاس ئۈچ كۈن بولغاندا ئۆلىدۇ، ئوۋچىلار
يولۋاس ئىزىنى ئىزدەپ بېرىپ، يولۋاسنىڭ تېرىسىنى
سويۇپ، ئىچىگە سامان تىقىپ، بۇ يولۋاسنىڭ سۆڭىكىنى
بىر تۇلۇمغا، گۆشنى يەنە بىر تۇلۇمغا سېلىپ ئولپانغا تاپ-
شۇرۇشقا، شۇ تەرىقىدە يولۋاس تېرىسىدىن توققۇزنى تەي-
يارلايدۇ⑤.

لوپنۇرلۇقلار چىن خانىدانلىقىغا توققۇز جۈپ قاما تې-
رىسى تاپشۇرىدىغان بولغانلىقتىن، دەريا مۇز تۇتقاندا، ئا-
ھالە ئالبانغا چىقىپ قاما تۇتقان، ئۇلار دەريانىڭ مۇزىنى
ئادەم بېلىدەك چوڭلۇقتا كاچكۇل ئېچىپ، ئاغزىغا نان،
گۆش ئاپىرىپ قويسا، قاما چىقلىغان مۇز كاچكۇلدىن بې-
شىنى چىقىرىپ ئادەم بولمىسا، نان، گۆشلەرنى يەيدۇ.
مۇشۇ ئۇسۇلدا ئىككى- ئۈچ گۆش، نان يېگەندىن كېيىن
ئىشەنچىگە تولغان قاما كاچكۇلدىن چىقىدۇ. قۇرۇق
يەرگە چىقىپ جاڭگال ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىدىن پاي-
دىلانغان ئوۋچىلار تۆمۈر تۇزاقنى ئاپىرىپ كاچكۇلنىڭ
ئاغزىغا قۇرۇپ قويىدۇ. قاما قايتىپ كېلىپ كاچكۇلغا
كىرىپ كەتمەك بولۇپ بېشىنى تىققاندا قامىنىڭ بېشى قى-
سىلىپ، تۇزاقتىن چىقالماي ئىككى- ئۈچ كۈندە ئۆلىدۇ،
ئوۋچىلار قامىنىڭ تېرىسىنى تۇلۇمچە سويۇپ، تېرىسىگە
سامان تىقىپ توققۇز قاما تېرىسى تەييارلايدۇ ⑥.

قارا كېيىك (ياۋا توڭگۇز) گۆشخور ھايۋان بولۇپ،
ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ئىنتايىن ۋەھشىي. ئاساسلىق ئاخشى-
مى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئادەتتە ئوۋچىلار قارا كېيىكنى زۆ-
رۈرىيەت بولمىسا ئۆزىنىڭ ئوۋلاش دائىرىسىگە كىرگۈز-
مەيدۇ، پەقەت ئىنسانلارغا ۋە ئۆي جاندارلىرىغا ھۇجۇم
قىلغاندىلا ئۇنى ئوۋلايدۇ.

قارا كېيىكنى باشقا جاندارلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا
كۈچلۈك ۋە ۋەھشى بولغاچقا ئۇنى يالغۇز ئوۋچى ياكى
بىر قانچە كىشى ئاسانلىقچە ئوۋلىيالمايدۇ. ئۇنى ئوۋلاش
ئۈچۈن چوقۇم ماھىر پالۋان ئوۋچىلار، مەخسۇس قارا
كېيىك ئوۋلايدىغان ئىتلار ۋە باشقا ئوۋ سايمانلىرى بولۇ-
شى كېرەك. ئادەتتە ئۇنى مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلدا
كۆپرەك ئوۋلايدۇ. بىرىنچى، ئورا كولاش ئۇسۇلى. يەنى
بۇ خىل ئۇسۇل بىر قەدەر بىخەتەر، ئېغىر كۈچ تەلەپ
قىلمايدىغان ئۇسۇل بولۇپ، قارا كېيىكنىڭ ھەرىكەت
قىلىش دائىرىسىگە چوڭ- چوڭ ئورەكلەرنى ئويۇپ، ئە-
چىگە قوزۇقلارنى قاداپ، ئۈستىنى شاخ- شۇمبىلار بىلەن
بىلىنمىگىدەك يېپىپ قويىدۇ. قارا كېيىك ئاخشىمى ھەرد-
كەت قىلىش جەريانىدا مۇشۇ ئورەككە چۈشۈپ قالىدۇ ۋە
ئەتىسى ئوۋچىلار ياكى دېھقانلار تەرىپىدىن نەيزىلىنىپ
ئۆلتۈرۈلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئوۋلاش.
يەنى بۇ خىل ئۇسۇلدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىز-
دەك ئۇستا پالۋان ئوۋچى، مەخسۇس قارا كېيىك ئوۋلاي-
دىغان ئىت ۋە ئوۋ قوراللىرى لازىم بولىدىغان بولۇپ،
ئوۋچى ئىتلارنى ئەگەشتۈرۈپ قارا كېيىكنىڭ ھەرىكەت
دائىرىسىگە كىرىدۇ. قارا كېيىك ئادەتتە ئاخشىمى ھەرد-
كەت قىلىدىغان بولغاچقا كۈندۈزى ئۆزى ئوۋلىغان جان-
دارلارنى يەپ ياتىدۇ. شۇڭا ئىت بولمىسا ئۇلارنى ئاسان
بايقىغىلى بولمايدۇ. ئىت ئۇنىڭ ھىدىنى ياكى شەپىسىنى
سەزگەن ھامان قاۋاپ ئوۋچىغا بەلگە بېرىدۇ. ئوۋچى شۇ
تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئۈزىدۇ، ناۋادا ئوق جان يەرگە
تەگمەي قېچىپ كەتمەكچى بولسا ئىتلار ئۇنىڭغا قاراپ
ئېتىلىدۇ. قارا كېيىك ئىتلارنى كۆرگەن ھامان يەردە زوڭ
ئولتۇرۇۋالىدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، ئىت-
لارنىڭ ئۆزىنىڭ پېيىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشىدىن ئەنسى-
رەيدۇ، ئوۋچى بولسا مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ

ملتىق بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

چېۋەر، ئەقىللىق لوپنۇر ئۇۋچىلىرى تۈرلۈك جاندارلارنى ئوۋلاشتىن باشقا يەنە غاز، ئۆردەك قاتارلىق قۇشلارنىمۇ ئوۋلىغان. پرژېۋالسكىينىڭ يېزىشىچە، قارا قۇشۇندىكى ھەر بىر ئۆيلۈك ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 دىن ئارتۇق غاز تۇتقان، ئۇلار قۇش تۇتۇشتا يۇلغۇن چىۋىقىدىن ياسالغان ئاددىي قىسماقلارنى ئىشلىتىدۇ. ئالدى بىلەن قۇشلار ئۆتىدىغان ئوتلاقنى تاللاپ، ياۋا غازنىڭ پوكىنىغا كەلگۈدەك قىلىپ ئىككى تال غىلدىرلىق قومۇش بىلەن توسۇلۇپ، ئارىدا بىر تال يول قويىدۇ، يۇلغۇن چىۋىقنى ئېگىپ ياسىغان قىسماق مۇشۇ يولغا قۇرۇلىدۇ، غاز ئوزۇق ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەندە توسۇلۇپ قالغاچلىقتىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يول بىلەن مېڭىپ قىسماققا دەسسىگەن ھامان چاچرىغان قىسماق قۇشنىڭ بوينى، پۇتى ياكى قانىتىنى قىسىۋالىدۇ. بەزەن ھاللاردا قۇش قىسماقنىڭ يىپىنى ئۈزۈۋېتىپ قېچىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق قىسماق قۇش تۇتقۇچىدىن بىرى باھار پەسلىدە 100 ـ 200 گىچە قۇش تۇتالايدۇ، قىسماققا يەنە تۇرنا، لايخورەك، ھاڭخىت، غار ـ غار ئۆردەك (قارنا) قاتارلىقلارمۇ چۈشىدۇ. يۇلغۇننىڭ چوڭراق چىۋىقى ۋە تومراق يىپتىن ياسالغان قىسماقتا چوڭ تۇرنىنىمۇ تۇتىدۇ⑦.

## ئوۋچىلىقتىكى پەرھىزلەر

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئوۋچىلىق بىلەن ئۇزاق مۇددەت شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئوۋچىلىقتا دىققەت قىلىدىغان بىر قىسىم پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ئوۋچىلىقنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، ئوۋچىلىق رىسالىسىدە ئوۋ كەمبەغەل مىسكىنلەرگە خۇدايى تائالا چىقارغان نەرسىدۇر، باي ئادەملەر ئوۋچىلىق قىلىپ ياۋايى جاندارلارنى تۇتۇپ يېسە دۇرۇس ئەمەس، دېيىلگەن. لوپنۇرلۇقلار ئادەتتە ئوۋغا چىققاندا چوڭلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئۇلاردىن ئىجازەت سوراپ ئوۋغا چىقىدۇ. ئادەتتە سەيشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى ئوۋغا چىقىش دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارايدۇ، جۈمە كۈنى شۇنداقلا شەنبە، يەكشەنبە، دۈشەنبە كۈنلىرى ئوۋغا چىقىش مەنئى قىلىنىدۇ. لوپنۇردا بۇرۇنقى زامانلاردا يىرتقۇچ جاندارلار كۆپ بولغاچقا، يالغۇز ئوۋغا چىقىشقا بولمايدۇ دەپ چەكلەنگەن. مەھەللە، كويلاردا، مۇسىبەت بولغاندا ياكى ئاپەت بولغان كۈنلىرى ئوۋغا چىقىشمۇ چەكلىنىدۇ. بوغۇز جاندارلارنى ئوۋلاش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا ۋارقىراش، دۆڭلەرگە چىقىش چەكلىنىدۇ. توشقان، كالا، بېلىقنىڭ گۆشلىرى جەرەننىڭ گۆشىگە ئارىلىشىپ قالسا بولمايدۇ. ئارىلىشىپ قالسا ئوۋچىلىقتا يول بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. توشقان، كالا، بېلىقنىڭ گۆشىنى كەسكەن پىچاقتا جەرەننىڭ گۆشىنى كەسسە ئوۋچى ئوۋ ئوۋلىيالمايدىغان يولى يوق بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوۋچىلار بۇنىڭغا بەك دىققەت قىلىدۇ، قازاننىڭ تېگىگە كاۋاپ سېلىپ يېمەيدۇ. بۆلەك يەرگە كاۋاپ سېلىپ يەيدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ گۆشى خام ۋاقتىدا بىر خۇرجۇنغا سېلىنىپ قالسا بولمايدۇ. كېيىك، جەرەن، توشقان، كالا، بېلىقنىڭ گۆشلىرى بىر داستىخانغا قويۇلۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئوۋلىغان ھايۋاناتلارنىڭ ئۇستىخىنىنى قالايمىقان تاشلاشقا، دەسسەشكە بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئائىلىدە چۆمۈچنى قازانغا يۆلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇرۇنقى لوپنۇردىكى ئوۋچىلار ئارىسىدا بىر خىل پەرھىز بولغان، يەنى قارا كېيىك (توڭگۇز) ناھايىتى پاسكىنا، مەينەت ھايۋان، مەككۇر نەرسە، ھەتتا ئۇنىڭ ئىزىغا دەسسىسىمۇ سېسىق پۇرىقى قېلىپقالىدۇ، سېسىق پۇرىقى قېپقالسا دىنىمىزغا شەك كېلىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئىزىغا دەسسەشتىنمۇ سەسكىنىدۇ.

ئىلگىرىكى زامانلاردا لوپنۇرلۇقلاردا كېيىكنى مۇقەددەس، ئۇلۇغ ھايۋان دەپ قارىغاچقا بەك كۆپ ئوۋلىمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ توپىقىنى قەتئىي ئوۋلىمايدۇ. بۇنداق بولۇشىدا خەلق ئارىسىدا ھەر خىل رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ، ھەممىسى ئاساسەن «كېيىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىنى ئالغان» دېگەن نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان.

لوپنۇرلۇقلار يەنە بوغاز ئىلۋەسۇنلارنىمۇ ھەرگىز ئوۋلىمايدۇ. ناۋادا قاپقان- تۇزاققا چۈشۈپ قېلىپ ئۇلەر ھالغا كېلىپ قالغانلىرى بولسا ئامال يوق بوغۇزلىۋېتىدۇ، بولمىسا جېنىنى جان ئېتىپ كېتەلگۈدەك ھالدا بولسا قويۇۋېتىدۇ. ناۋادا ئۇقماي قېلىپ قارا ملتىق، نەيزە ياكى ئوقيا ئېتىپ سالسا ئۇنى ئەھلى- يۇرت بەك ئېغىر ئالىدۇ، ئېغىزغا چىقىپ قالىدۇ، بۇ توغرىسىدا لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا مۇنداق بىر قوشاق تارقالغان:

ئۇ بىر مارال ئاتىپتۇ،
ئاتساچۇ ئاناسىنى.
كۆرمەيمەدۇ باغرىدا،
ياتقان شۇ بالاسىنى.
ئۆلسۇن قۇرۇپ قورساقى،
خۇدا بەرسۇن جازاسىنى.

تۆگە لوپنۇرلۇقلارنىڭ نەزەرىدە سېھىرلىك، ئەتىۋارلىق هايۋان دەپ قارالغاچقا بىرەر زۆرۈرىيەتتىن بولمىسا ئادەتتە ئۇنى ئۇۋلىمايدۇ. تۇتۇۋالسا ئۆلتۈرمەيدۇ، باقىدۇ، يۈك توشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ ⑧.

## يىغىمچىلىق

لوپنۇرلۇقلاردىكى يىغىمچىلىق قوش تۇخۇملىرى، مۆگە (جىگدە)، ئۇجۇل يىغىش ئەھۋاللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇجۇل يېكەن ئۇرۇقدىنىنىڭ ئۇچىدىكى سېرىق قىسمى يىغىپ كېلىنگەندىن كېيىن يېيىلىدۇ. تارىم دەرياسى بويىدا جىگدە دەرىخىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، مېۋىسى «مۆگۆ» (مۆگە) دېيىلىدۇ. جىگدە يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن غىزا تەييارلىنىپ يېيىلىدۇ ⑨.

## ئوۋچىلىقتىكى قوۋ ئايرىپ بېرىش ئادىتى

لوپنۇردىكى بېلىقچىلار ۋە ئوۋچىلاردا قوۋ ئايرىپ بېرىش ئادىتى بولغان، مەيلى بېلىقچىلار بولسۇن ياكى ئوۋچىلار بولسۇن، بېلىق تۇتۇش ياكى ئوۋ ئوۋلاشقا قاتناشقانلار ياكى ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى توپلاپ ئۆزئارا ئۈلۈشۈۋاتقاندا ئۈستىگە كېلىپ قالغان ئادەملەرگە «رىزقىمىز كەم بولۇپ قالمىسۇن» دەپ ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىنى قوۋ قىلىپ ئايرىپ بېرىش ئادىتى ئىزچىل ساقلىنىپ قالغان، شۇنداقلا يەنە ئوۋغا چىققاندا بەش-ئالتە جاندار تۇتۇپ كەلسە ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا، مەھەللە-كويلارغا نەزىر قىلىپ تارقىتىپ بېرىدىغان ئادەتلەرمۇ بار.

ئادەتتە ئوۋچىلارنىڭ قورۇپ قويغان تۇزاقلىرىغا كېيىك ياكى جەرەن چۈشۈپ قالغان بولسا ناۋادا ئوۋچىدىن باشقا بىر ئادەمگە ئۇچراپ قالسا، ئۇ ئادەم جاندارنى بوغۇزلاپ تۇلۇمچىلاپ سويۇپ ئۆزى بىرەر پۇت گۆشنى نېسىۋە قىلىپ ئېلىپ، قالغىنىنى تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان تېرىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئوۋچىغا قالدۇرۇپ توغراق ياكى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ قايتىپ كېتىدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان.

ئىزاھلار:

① ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى، 217-بەت.

② ④ ئابدۇقەييۇم غوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2015-يىل 3-ئاي نەشرى، 106-، 107-، 108-، 109-بەتلەر.

③ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «غەربىي يۇرت تاش كىمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 30-بەت.

⑤، ⑥، ⑦، ⑨ غالىپ بارات ئەرك: «لوپنۇرلۇقلارنىڭ ماددىي كۆلتۈرى توغرىسىدا»، «سېھىرلىك ماكان لوپنۇر»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2013-يىل 6-ئاي نەشرى 138-، 139-، 137-، 139-بەتلەر.

⑧ مويىدىن سايىت بوستان: «لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «سېھىرلىك ماكان لوپنۇر»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2013-يىل 6-ئاي نەشرى، 110-بەت.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. لوپنۇر ناھىيەسى قارچۇغا يېزىسى قارچۇغا كەنتىدىن داڭلىق ئوۋچى، ئىزچى تۇردىسالىھ، 87 ياش، 2016-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسى.

2. لوپنۇر ناھىيەسى قارچۇغا يېزىسى قارچۇغا كەنتىدىن داڭلىق ئوۋچى، ئىزچى قادىر كۈچا، 2016-يىل 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسى.

3. لوپنۇر ناھىيەسى قارچۇغا يېزىسى قارچۇغا كەنتىدىن داڭلىق ئوۋچى، ئىزچى قىيۇم بەكرى (قېيۇم دوختۇر، 1946-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنى تۇغۇلغان)، 70 ياش، 2016-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى، 8-ئاينىڭ 5-كۈنى ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسى.

4. لوپنۇر ناھىيەسى قارچۇغا يېزىسى قارچۇغا كەنتىدىن داڭلىق ئوۋچى، ئىزچى، چارۋىچى ئاۋۇت ئارۇپ، 64 ياش، 2016-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسى.

5. لوپنۇر ناھىيەسى دۆڭقوتان يېزىسى مىرسالى كەنتىدىن داڭلىق ئوۋچى، ئىزچى، قوشاقچى مۇھەممەد ئىمىن قوشاقچى، 60 ياش 2016-يىل 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسى.

6. لوپنۇر ناھىيەسى قارچۇغا يېزىسى قارچۇغا كەنت كادىرى، ئوقۇمۇشلۇق زات، ناتىق ئىسلام ئەمەت، 67 ياش، 2016-يىل 7-ئاينىڭ 20-كۈنى ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت خاتىرىسى.

(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# ئۇيغۇرلارنىڭ بەلگە چۈشەنچىلىرى

**مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن**

ئىنسانلار تىل-يېزىقتىن باشقا تۈرلۈك ئىما-ئىشارەت، ھەرىكەت، بەلگە چۈشەنچىلىرى ئارقىلىقمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى بىر-بىرسىگە بىلدۈرىدۇ، تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەققىدىكى بىر قىسىم بەلگە چۈشەنچىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**1. ئىشىككە قۇلۇپ سالماسلىق**

بۇ خىل ھادىسە تۆۋەندىكى تۆت خىل شەكىلدە داۋاملىشىپ كەلگەن. بىرى ئائىلە ئەزالىرى ئۆيدىن ئايرىلغاندا ئىشىككە قۇلۇپ سالماي، ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويىدۇ، ئۆيدە ئادەم بولمىسىمۇ كۆڭۈلنى توق تۇتۇپ خاتىرجەم ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئائىلە ئەزالىرى ئۆيدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئىشىككە قۇلۇپ سالماي ئىشىك زەنجىرىگە لاي چاپلاپ قويۇپ كېتىۋېرىش؛ ئۈچىنچىسى، ئائىلە ئەزالىرى سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلگەندە ئىشىككە قۇلۇپ سالماي ئىشىك زەنجىرىگە كىچىك ياغاچ پارچىسى قىستۇرۇپ قويۇش؛ تۆتىنچىسى، ئائىلە ئەزالىرى سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلگەندە ئىشىككە قۇلۇپ سالماي، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئىشىك ئالدىغا پالتا ئورغاق، پىچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇش، بۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆي ئىچىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. پەقەت شۇ ئائىلىدە ئادەم يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. بىر ئائىلە دېگەندە ئىقتىسادىي قىممەتكە يارىمايدىغان ھېچقانداق نەرسىنىڭ يوقلۇقى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ ئۇيغۇرلاردا بۇنداق ئادەت ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشقان، بۇنداق ئادەت چەت-سەھرالاردا ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىلەردە ھازىرمۇ ئاندا-ساندا داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ خىل بەلگە چۈشەنچىلىرى ئۇيغۇرلاردىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇل بولسىمۇ لېكىن ئۇنى ئەخمەقانىلىك ياكى دۆتلۈك دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭى رېئاللىقتىن ئېشىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئادەملەر بەلگىگە شۇ قەدەر ئىشىنىدۇ. بەلگە قىلىپ قويدۇم، ئەمدى ئۆيۈمگە بىرەرسى كىرمەيدۇ، مال-مۈلكۈم بىخەتەر تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بىرەرسى ئۆي ئالدىغا كېلىپ بەلگە قىلىنغانلىقىنى كۆرگەن ھامان بۇ ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەن دەپ قاراپ ئۆي ئىچىگە كىرمەيدۇ.

**2. خاماندىكى چەشكە بەلگە سېلىپ قويۇش**

ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل خۇسۇسىي ئىگىلىك مۇھىتىدا ياشىغان، شۇنداق بولسىمۇ خامان ۋاقتىدا تەييارلانغان ئاشلىقنى ھېچكىم ئۆزلىرى خالىغانچە ئائىلىسىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. شۇ مەھەللىدىكى بىرەر مۆتىۋەر كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاشلىق ئۆلچىنىلىدۇ. ئاندىن يەر ئىگىسى، يەردىن پايدىلانغۇچى، باج، زاكات دېگەنلەرنى نەزەردە تۇتۇپ تەقسىملەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك چەشلەنگەن

ئاشلىق خاماندا مەلۇم مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا خامان ئىگىسى چەشلەرنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ ئۈستىگە بىر ئوچۇم ھۆل توپىنى ئېلىپ چەشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئالقىنىنى بېسىپ قويىدۇ. ياكى بولمىسا چەشنىڭ ئەتراپىنى سۈپۈرۈپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خامان ئىگىسى خاتىرجەم بولۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. كېچىلىرى ئۇنى ساقلاپ يۈرمەيدۇ. مەھەللە مۆتىۋەرلىرىنىڭ قاچان ۋاقتى يەتسە شۇ چاغدا ئۆلچەيدۇ. شۇنىڭغىچە خاماندىكى چەش بەلگە سېلىنغان ھالەتتە تۇرىدۇ خامانغا چەش دۆۋىلەنگەندە سىلىندىر شەكىلدە دۆۋىلىنىدۇ، بەلگە چەشنىڭ ئۈستى تەرىپىگە سېلىنىدۇ.

بەلگە بۇزۇلمىسا چەش بىخەتەر تۇرغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بەلگە سېلىنغان چەشكە ھېچقانداق كىشى يېقىن كەلمەيدۇ. بۇ بىر خىل ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، خاماندىكى چەشلەرگە بەلگە سېلىش كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلدىكى خامانلاردىمۇ داۋام قىلغان، ھازىر بۇ خىل ئۇسۇل ئاساسىي جەھەتتىن ئىستېمالدىن قالدى.

**3. تۇگمەندىكى ئاشلىققا بەلگە سېلىپ قويۇش**

ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل ئاشلىق زىرائەتلەرنى سۇ تۇگمەنلىرىدە ئېزىپ، يانچىپ ئۇنغا ئايلاندۇرۇپ ئىستېمال قىلغان. سۇ تۇگمەنلىرىنىڭ ئىقتىدارى چەكلىك بولغاچقا، تۇگمەنگە ئېلىپ كېلىنگەن ئاشلىقلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنغا ئايلاندۇرۇپ بولۇش مۇمكىن بولمايدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا تۇگمەنگە ئاشلىق ئېلىپ كەلگۈچىلەر ئاشلىقلىرىنى تۇگمەننىڭ مەلۇم بوش ئورنىدا قويۇپ، نۆۋەت كەلگەنگە قەدەر تۇگمەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئاشلىق ئىگىسى ئاشلىق قاچىلانغان قاپنىڭ ئېغىزى تەرىپىگە ئازراق نەم توپا ئېلىپ توپا ئۈستىگە ئۆزى بىلىدىغان بىرەر بەلگە سېلىپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاشلىق ئىگىسىمۇ ئاشلىقىدىن خاتىرجەم بولىدۇ، بەلگىنى كۆرگەن ئادەممۇ ئاشلىق ئىگىسىنىڭ تۇگمەندە يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئاشلىققا ھەرگىز يېقىن كەلمەيدۇ، بۇنداق ئادەت ھازىرقى زامانىۋى تۇگمەنلەر مەيدانغا كەلگەنگە قەدەر داۋاملاشقان، ھازىر بۇنداق ئادەت ئىستېمالدىن قالدى.

**4. ھېيت- ئايەملەردە ئىشىككە نەرسە- كېرەك قىستۇرۇپ قويۇش**

بىر يىل ئىچىدە كېلىدىغان ئىككى قېتىملىق ھېيت مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ھېيتلىشىدىغان كۈن. بۇ كۈندە ئۇرۇق - تۇغقانلار، يىراق - يېقىندىكى دوست - بۇرادەرلەر بىر- بىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ بارىدۇ. يوقلاپ بارغاندا بەزى ئائىلىلەردە ئۆي ئىگىسى باشقا ئائىلىلەرگە كەتكەن بولىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا يوقلاپ كەلگەن ئائىلىدە ئۆي ئىگىسى بولمىغان بولسا يوقلاپ كەلگۈچى ئادەم يوق ئۆينىڭ ئىشىكىگە مەلۇم نەرسىنى قىستۇرۇپ قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئائىلىگە كەلگەنلىكىنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈپ قويۇش ئويىدا بولىدۇ، ئۆي ئىگىسى قايتىپ كېلىپ ئۆيىگە مەلۇم بىر كىشىنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇنداق بەلگە چۈشەنچىسى ئۇيغۇرلاردا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ ھازىرمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ، بۇنداق بەلگە شەكلى ئىشىككە نەرسە- كېرەك قىستۇرۇپ قويۇش، ئىسمىنى يېزىپ قويۇش، مەلۇم نەرسىنىڭ شەكلى ئارقىلىق بېشارەت بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ شەكىلنى مەيلى ساۋاتسىز دېھقان، چارۋىچىلار بولسۇن ياكى زىيالىيلار بولسۇن ھەممىسى قوللىنىدۇ. بۇنى ھېچكىم ئەيىب كۆرمەيدۇ، پەقەت ئۆيگە باشقىلارنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىك چۈشەنچىسى بېرىدۇ.

**5. ئېتىز زىرائەتلىرىنىڭ ئەتراپىغا بەلگە سېلىپ قويۇش**

ئۇيغۇرلار ئەتىياز كۈنلىرى تېرىقچىلىقنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن كەتمەن، تاماقلىرىنى كۆتۈرۈپ يۇرۇپ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپلەرنى پاكىز قىرىپ ئۈستىدىن تاماق بىلەن تاتىلاپ ياكى سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرۈپ ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىزى چۈشسە پەرق ئەتكۈدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق بەلگە ئېتىزلىقتىن خالىغانچە ماڭماك، زىرائەتلىرىمگە زىيان يەتكۈزمەك دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق بەلگىنى كۆرگەن ئادەملەرمۇ ئېتىزلىققا خالىغانچە كىرمەيدۇ. تېرىلغۇ يەرلىرىدىن كىچىك چىغىر يوللار ئېلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىدۇ. بۇنداق ئىپتىدائىي بەلگە چۈشەنچىسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشقان، كېيىن يەرلەر كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىققا ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن بۇ خىل ئۇسۇللار تەبىئىي ھالدا ئاستا - ئاستا ئىستېمالدىن قالدى.

**6. قوغۇن- تاۋۇزلۇقنىڭ ئەتراپىغا بەلگە سېلىپ قويۇش**

قوغۇن- تاۋۇزلۇقنىڭ ئەتراپىغا بەلگە سېلىپ قويۇش ئۇسۇلىمۇ تېرىلغۇ ئېتىزلىقلىرىنىڭ ئەتراپىغا بەلگە سېلىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. بىراق مەنىسىدە سەل پەرق قىلىدۇ. قوغۇن- تاۋۇزلۇقنىڭ ئەتراپىغا سېلىنغان بەلگە، قوغۇن- تاۋۇز ئېتىزلىقلىرىغا بىرەرسىنىڭ خالىغانچە كىرگەن-

كىرمىگەنلىكىنى پەرق قىلىش، قوغۇن-تاۋۇزلارنىڭ بىخەتەر تۇرغان-تۇرمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، قوغۇن-تاۋۇزلۇقنىڭ ئەتراپىغا بۇ خىل ئۇسۇلدا بەلگە سېلىش ھازىرمۇ قوللىنىلىدۇ.

**7. مەلۇم دائىرىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە بەلگە سېلىش**

مەلۇم دائىرىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە سېلىنغان بەلگە باشقا ئۇسۇلدا سېلىنغان بەلگىلەردىن مۇئەييەن پەرق قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر يۇرت سۇ مەنبەسىنى ئاساس قىلىپ پەيدا بولىدۇ. بەزى يەرلەرنىڭ سۇ مەنبەسى مول، بەزى جايلارنىڭ قىسراق بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بوز يەر ئېچىش ھەرىكىتى تارىختىن بۇيان بىر كۈنمۇ توختاپ باقمىغان. ھېلىھەم بوز يەر ئېچىش كەڭ كۆلەمدە داۋاملاشماقتا، بوز يەرنى ئېچىشنى ئويلىغانلار ئادەتتە سۇ مەنبەسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يەر ئىزدەيدۇ. ئۇلار مەلۇم يەرنى ئېچىپ پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھامان بۇ يەرگە بەلگە سېلىشنى باشلايدۇ. بەلگە سېلىش ئۇسۇلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەرلەرگە بۇرۇن سۇ كەلگەن بولسا، ئۆزلىرى ئىگىلىمەكچى بولغان يەرنىڭ دائىرىسىنى نىشان قىلىپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە بۇغداي، قوناق، كەندىر، زاغۇن ... دېگەندەك زىرائەتلەرنى تېرىپ قويىدۇ. بىراق ھوسۇل يىغىۋېلىنمايدۇ، ھوسۇل يىغىش مەقسەتمۇ قىلىنمايدۇ. پەقەت مەلۇم دائىرىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە ئاندا-ساندا يەرلەرگە ئۇرۇق چېچىپ قويىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەن ئادەم، بۇ يەرگە ئۇرۇق چېچىلغانلىقىنى كۆرگەن ھامان، بۇ يەرنى باشقىلار ئىگىلەپ بوپتۇ دېگەن چۈشەنچىدە بۇ يەرگە يېقىن كەلمەيدۇ، ئەگەر بۇ يەرلەرگە سۇ كەلمىگەن، بىراق يەرنى تۈزلىگەندىن كېيىن سۇ باشلاپ كېلىپ ئاندىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولغان يەرلەر بولسا، ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە قىر سېلىش ئارقىلىق بەلگە سالىدۇ. بۇنداق بەلگە ئارقىلىق يەر ئىگىلەش ئۇسۇلى تارىم دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان كەنت، مەھەللىلەردە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. بولۇپمۇ چەرچەن، لوپنۇر، چاقىلىق قاتارلىق رايونلاردا ياشىغان ئاھالىلەر، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە قەدەم قويۇشتا مۇشۇ خىل بەلگە قويۇپ، يەر ئىگىلەش ئۇسۇلى ئۆتكۈنچى رول ئوينىغان. ھازىرمۇ بوز يەر ئېچىشنى پىلانلىغان ئائىلىلەر ئالدى بىلەن ئاچماقچى بولغان يەرگە دائىرە بەلگىلەپ، ئاشۇ خىل ئۇسۇلدا بەلگە سېلىپ قويۇپ ئاندىن شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە بوز يەر ئاچىدۇ، بۇ گەرچە ئەڭ ئىپتىدائىي بەلگە سېلىش ئۇسۇلى بولسىمۇ ھېلىھەم كەڭ دائىرىدە قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

**8. قومۇشلۇقلارغا بەلگە سېلىپ ئىگىلەش**

بۇرۇن تەكلىماكان گىرۋىكىدە كەڭ كەتكەن تەبىئىي قومۇشلۇق، يايلاقلار بولغان. بەزى چوڭ چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى يازدا قومۇشلۇقتا باققاندىن سىرت، قىشلىق ئوت-چۆپلەرنى تەييارلاش مەقسىتىدە مەلۇم دائىرىنى ئىگىلەيدۇ. ئىگىلەش ئۇسۇلى بولسا ئۆزلىرى ئىگىلىمەكچى بولغان قومۇشلۇقنىڭ دائىرىسىنى نىشان قىلىپ، بىر تۇتام قومۇشنىڭ ئۇچىنى قاتلاپ، چىگىپ بەلگە قىلىپ ماڭىدۇ. باشقا چارۋىچىلار بۇ بەلگىنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ قومۇشلۇقنىڭ مەلۇم كىشى تەرىپىدىن ئىگىلەنگەنلىكىنى بىلىپ، بۇ قومۇشلۇققا چارۋا ئەكىرمەيدۇ ياكى قومۇشلىرىغا يېقىن كەلمەيدۇ. بۇنداق بەلگىنى ھەرقانداق چارۋىچى ئېنىق چۈشىنىدۇ، بۇ ئۇسۇل ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھەرقايسى جايلار كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان، كېيىن يەرلەر كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن بۇنداق ئىگىسىز قومۇشلۇقلار قالمىدى، ھەم ئۇنداق تەبىئىي قومۇشلۇقلار ئاز قالدى، شۇڭا بۇنداق بەلگە سېلىپ قومۇشلۇق ئىگىلەش ئەمەلدىن قالدى.

**9. يايلاقلارغا بەلگە قىلىش**

بۇرۇندىن باشلاپ يايلاقلار ئاساسەن مەلۇم ئادەملەرگە مەنسۇپ بولمىغان ئوت-چۆپ، سۇ نەدە مول بولسا چارۋىلارنى شۇ يەرگە ھەيدەپ بېرىپ چارۋا باقىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن، ئەمما يايلاقلارنى يەر ئىگىلىگەندەك بەلگە سېلىپ ئىگىلەش ياكى ئۆلچەشمۇ مۇمكىن بولمىغاچقا، چارۋىچىلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن يايلاقلارنىڭ مەلۇم يېرىگە تاش دۆۋىلەپ بەلگە سېلىش، دۆڭلۈككە تاش كۆمۈش، ياغاچ ئارقىلىق بەلگە سېلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئۆزىگە تەۋە يايلاقلارنى ئىگىلىگەن. بۇ خىل شەكىللەرنى كۆرگەن چارۋىچىلار بۇ يايلاقتا مەلۇم كىشىلەر چارۋا باقىدىكەن دەپ ئويلاپ بۇ يەرگە چارۋا ئەكىرمەيدۇ. يايلاقلارغا تاش دۆۋىلەپ بەلگە سېلىپ، يايلاق ئىگىلەش بىر ئىپتىدائىي ئۇسۇل بولسىمۇ ھېلىھەم يايلاقلاردا قوللىنىلىۋاتىدۇ. بەزى يايلاقلاردا دەل-دەرەخ بولىدۇ، دەل-دەرەخ بار بولغان يايلاقلاردا مەلۇم دەرەخ ئارىلىقلىرىنى بەلگە نىشان قىلىسىمۇ، دەرەخ بولمىغان يايلاقلاردا تاش دۆۋىلەپ ياكى چوڭراق تاشنى كۆمۈپ قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەلگە قويۇپ، يايلاق ئىگىلەش چارۋىچىلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەن.

**10. ئۆستەڭدىكى سۇغا بەلگە سېلىش**

شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى تەكشى ئەمەس، كۆز، ئەتىياز

كۆنلىرى سۇ كەمچىل ياز پەسلىدە سۇ مول. بۇنداق ئەھۋالدا نۇرغۇن جايلاردا سۇ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ناھايىتى مۇكەممەل. مۇشۇنداق چاغلاردا چوڭ ئۆستەڭدىكى سۇنى كىچىك ئۆستەڭلەرگە بۆلۈپ سۇنى ئادىل تەقسىم قىلغاندا، سۇغا مەسئۇل كىشىلەر ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ ئازلىغان ياكى كۆپىيىپ كەتكىنىنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن، ئۆستەڭدە ئېقىۋاتقان سۇنىڭ يۈزىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۆستەڭ قىرغىقىغا بىرەر شاخ ياكى ياغاچنى سانجىپ قويىدۇ. بۇ خىل بەلگە سۇنىڭ بىر خىل ئېقىمدا بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىنىدۇ. بۇنداق بەلگىنى كۆرگەن ئادەم سۇنى خالىغانچە ئۆز ئېتىزلىقلىرىغا ئېچىۋالمايدۇ. سۇ يۈزى تەكشىلىكتە ئۆستەڭ گىرۋىكىنى بويلاپ سېلىنغان بەلگىگە باشقا كىشىلەر چېقىلمايدۇ. بەلگىگە قاراپ باشقا كىشىلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن سۇ ئىكەن دەپ چۈشىنىدۇ. بۇ گەرچە ئەڭ ئىپتىدائىي بەلگە ئاڭ چۈشەنچىسى بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر بۇ بەلگىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرىدۇ، بۇ ئۇسۇل ھازىرمۇ خېلى كەڭ دائىرىدە قوللىنىۋاتىدۇ.

**11. چارۋىلارغا بەلگە سېلىش**

چارۋىلارغا بەلگە سېلىش ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ بىرى. يايلاقتا نۇرغۇن چارۋىلار بىللە بېقىلىدۇ. بولۇپمۇ يايلاقلىرى تۇتاش ھەم يېقىن بولغان، چارۋىلارنىڭ سانى كۆپ يايلاقلار ھەممىلا يەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. يەنە كېلىپ چارۋىلارنىڭ ئىچىدە قوي، ئات، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىرى بەك كۆپ بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا بىر ئادەم بىر نەچچە ئائىلىنىڭ چارۋىسىنى يىغىپ باقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا چارۋىلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى تەس، ئۇزاق مۇددەت چارۋا باققان چارۋىچىلارمۇ ئوخشاش رەڭلىك قوي ياكى تۆگىلەرنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. شۇڭا چارۋىلارنىڭ مەلۇم يېرىگە بەلگە سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، قويغا بەلگە سېلىشقا توغرا كەلگەندە قوينىڭ قۇلىقىنى مەلۇم شەكىلدە ئوخشاش قىلىپ بەلگە سالىدۇ. ھەرقانداق چارۋىچىنىڭ سالغان بەلگىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئات، تۆگىگە بەلگە سېلىشتا مەلۇم شەكىلدىكى تۆمۈرنى قىزدۇرۇپ ئات، تۆگىنىڭ يانپىشىغا يېقىپ، كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەلگە سالىدۇ. چارۋىچىلار ئاشۇ بەلگىلەرگە ئاساسەن نەچچە ئون مىڭ چارۋىلار ئىچىدىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ چارۋىلىرىنى خاتاسىز تونۇۋالالايدۇ. شۇڭا چارۋىلار يايلاقتا بىللە ئوتلىسىمۇ لېكىن چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ چارۋىلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىمەيدۇ. چارۋىچىلار چارۋىلارغا سېلىنغان بەلگىگە قاراپلا بۇ چارۋىنىڭ كىمنىڭ چارۋىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، چارۋىچىلار بەلگىنىمۇ خالىغانچە ئۆزگەرتمەيدۇ.

**12. گۆرۈستانلىقتا بەلگە سېلىپ قويۇش**

بەزى كىشىلەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن جەمەتلىرىنىڭ قەبرىسىگە يېقىن يەردە يېتىش ئۈچۈن ئالدىن مەلۇم يەرنى ئىگىلەپ قويىدۇ. يەنە قەبرە شەكلىدە ئازراق توپا دۆۋىلەپ، يالغاندىن قەبرە ياساپ، بەلگە قىلىپ قويىدۇ. باشقا كىشىلەر بۇ يەرگە جەسەت كۆمۈلمىگەنلىكىنى، يالغان قەبرە ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرگە گۆر كولىمايدۇ. ھازىر نۇرغۇن قەبرىستانلىقلاردا قەبرىگە ئوخشىتىپ ياساپ قويۇلغان بەلگىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، باشقىلار ئۇنى پەقەت مەلۇم بىر جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئىگىلەپ قويغان يېرى ئىكەن دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي بەلگە ئاڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ كونكرېت بىر نەچچە خىل شەكلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. بۇ بەلگە چۈشەنچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن ئادەت بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭغا بىر خىل ئىشەنچ، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق چۈشەنچىسى سىڭگەن. بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچىسى بولمىسا، بۇنداق ئىپتىدائىي بەلگە چۈشەنچىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى بەلكى زاماندىن - زامانغا، دەۋردىن - دەۋرگە ئۆلەنىپ، بۈگۈنكى دەۋرگىچە يېتىپ كېلەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ بەلگە چۈشەنچىلىرى ھازىرقى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ ھەر خىل شەكىلدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق بەلگە چۈشەنچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت، تۇرمۇش، پسىخىك ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان بەلگە شەكىللىرىمۇ شۇنچە ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان، ھەم ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ بەلگىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ چەكلەش، بىخەتەرلىكنى ساقلاش ئەمەلىي ئىقتىدارى يوق، ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇللار، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا بىخەتەر ھېسابلىنىپ خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئاتا قىلغان، شۇڭا بۇ ئۇسۇللار ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# خەلقىمىزنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرى

سابىرجان سېيىت

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## تۆگىگە مىنىش ئويۇنى

تۆگىگە مىنىش ئويۇنى — قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش، يېڭىشەھەر قاتارلىق ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ يېزا - بازارلىرىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان كەڭ دائىرىلىك ئېلىپ بېرىلىشقا يۈزلەنگەن، توي - تۆكۈن، نورۇز بايراملىرى، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا، ھەر خىل مەشرەپلەردە، سورۇندا قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى، ئورۇنسىز جېدەل چىقارغانلارنى جازالاش ئۈچۈن ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ سورۇنىدا قىلىقسىزلىق قىلىپ جېدەل چىقارغان بىر نەچچەيلەن سورۇن ئەھلى ياكى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ، ئۈستى باشلىرىغا جۇۋا ئارتىلىپ تۆگە شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۈستىگە بىر كىشى مىندۈرۈلۈپ مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئويۇن جەريانىدا «تۆگە»نىڭ ماڭماي تۈرۈۋېلىشىغا، «يېتىۋېلىشى»غا، بېلىنى ئېگىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ ئويۇن تاكى «تۆگە» ھېرىپ يىقىلىپ چۈشكىچە ياكى مەشرەپ ئەھلى ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن كەچكەنگە قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## تامغا سۈرىتىنى تارتىش ئويۇنى

بۇ ئويۇن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئۇزاقتىن بېرى ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: ئاۋۋال جازالانغۇچى مەيدانغا ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئاندىن يالىڭاچلىنىپ تامغا چاپلاشتۇرۇپ تۇرغۇزۇلىدۇ، يەنە بىر كىشى ئېغىزىغا سوغۇق سۇ ئېلىپ جازالانغۇچىنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە پۈركەيدۇ، بىرئاز ۋاقىت پۈركىگەندىن كېيىن جازالانغۇچى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئورنىغا قايتىدۇ، جازالانغۇچى تۇرغان ئورۇندا بەدىنى توسۇپ تۇرغانلىقتىن ئاق ئورۇن پەيدا بولۇپ جازالانغۇچىنىڭ بەدەن شەكلى چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تاماشىبىنلار كۈلۈشۈپ كېتىدۇ، ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ.

بۇ ئويۇن كىشىلەردە چىدامچانلىقنى يېتىلدۈرۈپ،

ئەخلاق ئېڭىنى يېتىشقا پايدىلىق، بۇ ئويۇننى كۆپىنچە ياشلار ئوينىسا مۇۋاپىق.

## تامنى سۆيۈش ئويۇنى

تامنى سۆيۈش ئويۇنى — نورۇز بايراملىرىدا، كوللېكتىپ پائالىيەتلەر ۋە ھەر خىل مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان، مەشرەپ جەريانىدا قىلىقسىزلىق قىلىپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەنلەرنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ جەريانىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلار ياكى يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەنلەردىن بىرسى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ لېۋىگە قازاننىڭ قارىسى سۈركىلىپ، تامدىن بىر مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ قولنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇپ پۇتنى مىدىرلاتماي تامنى سۆيۈپ لېۋىنىڭ ئىزىنى تامغا چىقىرىشقا بۇيرۇلىدۇ. بۇ ئويۇندا جازالانغۇچىنىڭ قولنى ئىشلەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ ئويۇن تاكى جازالانغۇچى بەش جايغا لېۋىنىڭ ئىزىنى چىقىرىپ بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

## توشقان تەپتى ئويۇنى

بۇ ئويۇن كۆپىنچە كىشىلەر توپلاشقان جايدا ھەم خەلق مەشرەپلىرىدە كۆپ ئوينىلىدۇ، مەشرەپتىكى جازالاش تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قىزىقارلىق ئويۇنلارنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: جازالانغۇچى سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىپ، سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغۇزۇلۇپ، باش كىيىمى ئېلىۋېتىلىدۇ، ئاندىن يەنە بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالقىنىنى جازالانغۇچىنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ ئوتتۇرا بارمىقىنى كەينىگە قايرىپ قويۇۋېتىدۇ، جازالانغۇچىنىڭ پېشانىسىگە كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم قاتتىق چېكىدۇ. ئەگەر جازالانغۇچى يەنىلا گۇناھىغا قايىل بولمىسا يۇقىرىقى ھەرىكەتلەر يەنە بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. جازالانغۇچى ئاغرىق ھېس قىلىپ گۇناھىنى تونۇغاندىلا ئاندىن جازالاشنى توختىتىدۇ، ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋېرىدۇ.

بۇ ئويۇن كىشىلەردىن چىدامچانلىق، باتۇرلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ئويۇن كۆپىنچە ياشلار ئارىسىدا ئوينىلىدۇ، جەلپ قىلارلىقى كۈچلۈك ھەم قىزىقارلىق.

## تۈگمەن نورىغا سۇ باشلاش ئويۇنى

تۈگمەن نورىغا سۇ قۇيۇش ئويۇنى — قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق ھەرقايسى جايلاردىكى يېزا - قىشلاقلاردا ھەر خىل مەشرەپلەردە ۋە ئائىلە مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان، مەشرەپ جەريانىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

بۇ ئويۇندا مەشرەپ سورۇنىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلاردىن بىرسى مەشرەپ سورۇنىدىكى تۈگلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا ئېلىپ كېلىنىپ ئۆرە تۇرغۇزۇلىدۇ، جازالانغۇچىنىڭ بەلبېغىنىڭ بىر ئۇچىنى تۈگلۈكتىن چىقىرىپ يەنە بىر ئۇچىنى جازالانغۇچىنىڭ ياقىسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، تۈگلۈك تەرەپتىن سۇ قۇيۇلىدۇ. ئويۇن جەريانىدا جازالانغۇچىنىڭ باشقا جايغا قېچىپ كېتىشىگە ياكى بەلباغنى ئېلىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. بۇ ئويۇن تاكى قۇيۇلغان سۇ جازالانغۇچىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جازالانغۇچى ئۆز گۇناھىغا تەۋۋا قىلىپ، مەشرەپ ئەھلىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ ئەھلى بۇ كىشىگە مەشرەپنىڭ «تاتلىق چېيى، ئاچچىق تايىقى» بارلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن مەشرەپ قائىدىسىگە بويسۇنۇش توغرىسىدا تەربىيە ئىشلەپ بۇ جازالانغۇچى كىشىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ.

## تۆمەن تۆرۈش ئويۇنى

تۆمەن تۆرۈش ئويۇنى — كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر خىل مەشرەپلەردە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان، مەشرەپ جەريانىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ داۋامىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلاردىن بىرسى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس قىلىپ پۇتلۇن بەدىنى باغلىنىدۇ، مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرەيلەن چىقىپ كالتەك ئارقىلىق تىرەپ كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىنىدۇ، بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم داۋاملىشىدۇ، ئويۇن

جەريانىدا ئارغامچا چوقۇم چىڭ باغلانغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ ئويۇن تاكى مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىنىڭ گۇناھىدىن كەچكەنگە قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ ئويۇن بىر قەدەر قوپال، جازا ئېغىر بولغاچقا بۇنى كوللېكتىپ سورۇندا ئويناشقا، ياشلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇشقا بىر قەدەر ئەپسىز بولۇپ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە ۋە مەشرەپلەردە كەڭ ئومۇملاشماي يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

## ياغ ئاققۇزۇش ئويۇنى

ياغ ئاققۇزۇش ئويۇنى — قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىكى ھەرقايسى يېزا - قىشلاقلاردا مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەنلەرنى ۋە مەشرەپ سورۇنىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالاش ئۈچۈن ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقارلىق ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەن ياكى مەشرەپ سورۇنىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلار ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىدا بىر مومىغا باغلىنىپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. مەشرەپ قاتناشقۇچىسىدىن بىرەيلەن تاللىنىلىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ جازالانغۇچىنىڭ گەدىنىگە ئاشلىق سېلىپ سۇ قۇيىدۇ، جازالانغۇچى مومنى ئايلىنىپ چۆرگىلەيدۇ، ئويۇن ئويناش جەريانىدا جازالانغۇچى ئۆرە تۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالانغۇچىدىن تەر چىقىپ «ياغ» ئاققانغا قەدەر ياكى مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ «ياغ بولدى!» دەپ توۋلىغانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ ئويۇن بىر قەدەر قوپال، جازا ئېغىر بولغاچقا بۇنى كوللېكتىپ سورۇندا ئويناشقا، ياشلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇشقا بىر قەدەر ئەپسىز بولۇپ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە ۋە مەشرەپلەردە كەڭ ئومۇملاشماي يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

## چىراغ يېقىش ئويۇنى

چىراغ يېقىش ئويۇنى ئادەتتە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدا ھەر خىل مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: مەشرەپ سورۇنىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلار ياكى بېيىت ئېيتىپ چاي ئېلىش داۋامىدا چاينى ئۆرۈۋەتكەن، چاينى بېيىت بىلەن ئالالمىغان كىشىلەر مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ، پۇتى ئاسمانغا، بېشى يەرگە قىلىپ تىرەپ تۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن پۇتىنى جۈپلەپ پۇتىغا بىر دانە چىراغ قويۇلىدۇ. جازالانغۇچى كىشى چىراغنى چۈشۈرۈۋەتمەي باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز پۇتىدا تىرەپ تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى چىراغ يېغى تۈگەپ چىراغ ئۆچۈپ قالغۇچە ياكى جازالانغۇچى كىشى ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ مەشرەپ ئەھلىدىن كەچۈرۈم سورىغانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ ئويۇن قەدىمىي خاراكتېرلىك ئەنئەنىۋى ئويۇن بولسىمۇ ھازىر كۆپىنچە مەشرەپلەردە ئوينىلىشتىن قېپقالدى.

## چىنىدىن چىنىگە سۇ ئۆتكۈزۈش ئويۇنى

چىنىدىن چىنىگە سۇ ئۆتكۈزۈش ئويۇنى — بۇ ئويۇن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئويۇن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ خۇراپاتلىق ئىدىيەسىنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

چىنىدىن چىنىگە سۇ ئۆتكۈزۈش ئويۇنى — جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى يېزا - قىشلاقلاردا ئۆي مەشرىپى ۋە ھەر خىل مەشرەپلەردە بىئەدەپلىك قىلغانلارنى جازالاش ئۈچۈن ئوينىلىدۇ .

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا جازالانغۇچى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ يۈكۈندۈرۈلۈپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، جازالانغۇچىنىڭ كۆزى ئېتىپ قويۇلغاندىن كېيىن ياكى پۈتۈن مەشرەپ سورۇنىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن جازالانغۇچىنىڭ قولىغا ئاستىغا قارا سۈركەلگەن بىر چىنە تۇتقۇزۇلۇپ يەنە بىر كىشى ئىچىگە سۇ قۇيۇلغان بىر چىنىنى تۇتۇپ «مەن بۇ چىنىدىكى سۇنى جازالانغۇچى تۇتۇپ تۇرغان چىنىگە ئۆتكۈزىمەن، جازالانغۇچى مەن نېمە دېسەم شۇنى دەپ شۇ يېرىنى تۇتسۇن» دەيدۇ ۋە «چىنىنىڭ ئاستىنى سىيلاڭ، ۋاي چىشىم دەڭ، ۋاي ئېڭىكىم دەڭ، ۋاي

پېشانەم دەك» دەپ جازالانغۇچىنى يۈزىنى، ئېڭىكىنى، پېشانىسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئويۇن جەريانىدا جازالانغۇچىنىڭ چىننى كۆرۈۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالانغۇچى يۈزىگە قارىنى سۈركەپ بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، ئەگەر بۇ جازالانغۇچى چىننىڭ ئاستىغا قارىۋالسا ياكى چىننىڭ كەينىنى سىلىمسا، مەشرەپ ئەھلىنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ ئەھلى قايتىدىن چىنىدىن - چىنىگە سۇ ئۆتكۈزسۇن دەپ قايتىدىن ئوينىتىپ مەشرەپنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئاخىرىدا جازالانغۇچىغا چاچلىرىنى تارىۋالسىلا دەپ ئەينەك ئەكىلىپ بېرىدۇ، جازالانغۇچى ئەينەككە قاراپ يۈزىدىكى قارلارنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ - دە، بۇنىڭدىن كېيىن مەشرەپ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدىلەرنى بېرىدۇ.

## دارغا ئېسىش ئويۇنى

دارغا ئېسىش ئويۇنى — ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقارلىق ئويۇنلارنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش، تەن ساغلاملىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

دارغا ئېسىش ئويۇنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يامانيار يېزىلىرىدا ھەر خىل ئائىلە مەشرەپلىرى ۋە يۇرت مەشرەپلىرىدە، مەشرەپ سورۇنىدا قىلمىسقىزلىق قىلغان كىشىلەرنى جازالاش ئۈچۈن ئوينىلىدىغان باشقىلارغا تەربىيە قىلىشنى مەقسەت قىلغان قىزىقارلىق ئويۇنلارنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ داۋامىدا قىلمىسقىزلىق قىلغانلار مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ، ئالدىن تەييارلانغان، ئېگىز جايغا چىگىلگەن ئارغامچىغا بېلىدىن باغلىنىپ ئېسىپ قويۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە سازەندىلەر ھەر خىل خەلق ناخشىلىرىغا مۇزىكا چالىدۇ، جازالانغۇچى دارغا ئېسىقلىق ھالەتتە ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۇسسۇل ئويناپ مەيدانىنى قىزىتىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىنىڭ گۇناھىدىن كەچىپ ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## رەسىم سۆيۈش ئويۇنى

رەسىم سۆيۈش ئويۇنى ئاساسەن يېزا مەشرەپلىرىدە ئوينىلىدىغان بولۇپ، قەشقەر، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ۋە دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان بىر خىل ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش مەدەنىي پائالىيىتىدۇر.

بۇ خىل ئويۇن مەشرەپ باشلىنىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە مەشرەپ بېشى ياكى مەشرەپ ساھىبخانىنى سورۇننىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر پىيالە چاينى بىر كۆپلىت بېيىت بىلەن خالىغان بىرسىگە تۇتۇپ بېرىدۇ، چاي قولدىن قولغا ئۆتىدۇ، شۇ ئارىلىقتا بىرەر كىشى پىيالە قايتۇرغىچە چاندۇرۇپ قويسا ياكى پىيالىنى ئۆرۈۋەتسە، مەشرەپ جازاسى سۈپىتىدە، مەشرەپ جازالىرىدىن بىرى بولغان «رەسىم سۆيۈش» ئويۇنى ئوينايدۇ.

بۇ ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ: جازالانغۇچى سىرتقا چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرى بىر ئايالنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئادەم بويىدىن ئېگىزرەك جايغا چاپلاپ قويىدۇ، جازالانغۇچى كىشى چاپلانغان رەسىمنى كۆرمەيدۇ، شەرت: جازالانغۇچى يۈگۈرۈپ كېلىپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا «ھامما ئاچا، ياخشىمۇسىز» دەپ رەسىمنى سۆيۈشى شەرت قىلىنىدۇ .

رەسىم ئېگىزدە بولغاچقا يۈگۈرۈپ كېلىپ رەسىمنى سۆيۈش بۇيرۇقى بېرىلگەندىن كېيىن جازالانغۇچى يۈگۈرۈپ كېلىپ رەسىمنى سۆيۈشكە ئىنتىلىدۇ، سەكرەيدۇ. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ، سورۇندا كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ ئويۇن تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ قىيقاس - چۇقان خېلى ئۇزاققىچە بېسىقمايدۇ، بۇ ئويۇننى ئوينىغۇچى ھوشيار، چاققان بولمىسا ئېغىز بۇرنى زەخىملىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، شۇڭا بۇ ناھايىتى چاققانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئويۇن.

توپلىغۇچى: سابىرجان سېيىت (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا)

# ئۆزبېكلەرنىڭ بايرام - مۇراسىملىرى ۋە تائاملىرى

**رەخىم غوجا ئەخمەت غوجا**

نەچچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

1. قىشتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇگۇت- نەسىھەت مەردىكىلىرى.

2. ئەتىياز پەسلىدىكى نورۇز بايرىمى، قوش چىقىرىش، گۈل سەيلىسى، لاي تۇتۇش، سۇست خاتىن قاتارلىقلار.

3. يازلىق مۇراسىملاردىن «قوغۇن سەيلىسى»، «چاي ماما» قاتارلىقلار.

4. كۈزلۈك مۇراسىملار هوسۇل يىغىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك «ئابلا بەرەكە»، «شامال چىقىرىش» قاتارلىقلار.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نورۇز بايرىمى بەكمۇ ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان بايرام قىلىنىپ كېلىنمەكتە. بۇ بايرام قەدىمكى دېھقانچىلىق يىل ھېسابى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يەر شارىنىڭ شىمالىي يېرىم شارىدا كېچە بىلەن كۈندۈز تەڭ بولغان كۈنى يەنى 20-، 21- مارت كۈنلىرى باشلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يەر شارىنىڭ شۇ قىسمىدا بارلىق ئۆسۈملۈكلەر ۋە قۇرت- قوڭغۇزلار جانلىنىپ شۇ يەرلەرگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. بۇ خىل جانلىنىش دەۋرلىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىت شەمسىيە يىل ھېسابىدا 20-، 21- مارتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ كۈننى ئاتا- بوۋىلىرىمىز يېڭى بىر يىلنىڭ باشلىنىشى دەپ بىلىپ كەلگەن، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئۆزبېك ۋە ئىرانلاردا نورۇزنىڭ 1- كۈنى گەپ قىلماي ئالدى بىلەن ئۈچ قوشۇق ھەسەل يەپ، ئۈچ دانە خۇش پۇراق شام كۆيدۈرسە، شۇ بىر يىل جەريانىدا شۇ ئادەم يىل بويى بالا- قازادىن ئامان قالىدۇ، دېگەن ئىرىم بار. ئۆزبېكلەردە شۇ كۈنلەردە يېشىل يېمەكلىك — يالپۇز كۆكى، پىياز كۆكى، بېدە كۆكى ۋە باشقا ھەرخىل كۆكلەر سېلىنغان تائاملار ۋە پىشۇرۇقلار تەييارلىنىپ، تەنتەنىلىك ئويۇن- كۈلكىلەر بىلەن مەھەللە بويىچە سۇمەلەك پىشۇرۇش باشلىنىدۇ. سۇمەلەك پارسچە سۆز بولۇپ «سىبرۇ- مەلەك» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، «سىبر» سۆزى «كۆپ» دېگەن مەنىدە، «مەلەك» سۆزى «مالايىكە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاياللارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قىزىقتۇرۇپ ئېيتىلغان سۆزدۇر. يەنى «مالايىكەلەر» دېگەندىن ئىبارەت. سۇمەلەك تەييارلاش



ئۆزبېكلەرنىڭ بايرام- مۇراسىملىرى

ئۆزبېك خەلقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرى ياشىغان يەرلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ھەر خىل پەسىللەرگە خاس بايرام ۋە مۇراسىملارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ بايرام- مۇراسىملار ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدىكى ياخشى پەزىلەتلىرىنى، ئەمگەك ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى رەسىم- قائىدىلەرنى، يۇرتقا مۇھەببەت، ئاتا- ئانا ۋە چوڭلارغا بولغان ھۆرمەت، قېرىنداشلارغا بولغان غەمخورلۇق، ئاياللارنىڭ شەنىنى قوغداش، ئۆلگەنلەرنى يات ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش- ئىزلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش، يوقسۇللارغا يېقىندىن ياردەم بولۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۆزبېكلەرنىڭ پەسىللىك مۇراسىملىرىنى مۇنداق بىر

ئۈچۈن كېتىدىغان نەرسىلەرنى ئۆزبېك خەلقى ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ تەييارلايدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەيداندا بىر نەچچە يەرگە داش قازانلارنى قويۇپ پىشۇرىدۇ، سۇمەلەك پىشۇرۇشقا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ، سۇمەلەك بەختنىڭ، باياشاتلىقنىڭ ۋە يېڭىلىقنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۆزبېكلەردە «لاي تۇتۇش» ئويۇنى بولۇپ، بۇ باھار پەسلىدە دېھقانلار ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى تازىلاپ لاي- لاتقىلارنى چىقىرىپ راۋانلاشتۇرۇپ، ئېتىزلارنى سۇغىرىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا بولىدۇ. شۇنداق ئېرىقلارنى تازىلاۋاتقان ۋاقىتتا بىرەر بىكارچى ئادەم يولدىن ئۆتۈپ قالسا ئېرىق تازىلاۋاتقانلار ئۇ كىشىنىڭ يولىغا كۆرەك ياكى كەتمەندە لاي تاشلايدۇ، بۇ ئادەم ھەر خىل قىزىقچىلىقلىرى، ھۈنەرلىرى ۋە باشقا كۈلكىلىك قىلىقلىرى بىلەن ئىشلەۋاتقانلارنى كۈلدۈرۈش كېرەك، ئۇنداق قىزىقچىلارنى قىلالمىسا ئىشلەۋاتقانلارنى بىر ۋاق تاماق بىلەن مېھمان قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ چامىسى يەتمىسە ئۆزىگە بۆلۈپ بەرگەن ئېرىقنىڭ لايلىرىنى تازىلاپ يولغا راۋان بولىدۇ، مانا بۇ «لاي تۇتۇش» ئويۇنى دەپ ئاتىلىدۇ.

دېھقانچىلىقتىكى ئەڭ مۇھىم بىر مۇراسىم «قوش چىقىرىش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «شاخمايلار» مۇراسىمى ئالاھىدە خۇشال- خۇرام تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ، قوش چىقىرىپ يەر ئاغدۇرۇش كۈنى شۇ مەھەللىدىكى ئاقساقال تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، «شاخمايلار» دۈشەنبە، چارشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرىگە توغرىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ كۈنلەر دېھقانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا «بەخت»، «ئامەت» كەلتۈرىدىغان كۈنلەر دەپ قارىلىدۇ، قوش چىقىرىپ يەر ھەيدەش ئاساسەن نورۇز كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ھاۋايى ياخشى كەلسە بىرەر كۈن ئاۋۋال، ناچارراق بولسا بىرەر كۈن كېيىن چىقارسىمۇ بولىدۇ، بۇ كۈننى يېزا ئاقساقىلى بېكىتىدۇ، «شاخمايلار» كۈنى يېزىدىكى ھەممە ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ نان، پېتىر توقاچ، قاتلىما، گۆشنان، بوغۇرساق، چەلپەك قاتارلىق ھەر خىل پىشۇرۇقلارنى پىشۇرۇپ مۇراسىم بولغان مەيدانغا ئېلىپ كېلىدۇ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مەيدان پاكىز سۈپۈرۈلۈپ پالاز، كىگىز، گىلەملەر سېلىنىپ، داستىخانلار ھازىرلىنىپ، پىشۇرۇپ كېلىنگەن تائاملار تىزىلىپ يېزىدىكى بارلىق ئادەملەر توپلىنىپ ھازىر بولىدۇ، يېزا ئاقساقىلى ياخشى نىيەت ۋە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ، دۇئا قىلىپ مۇراسىم باشلىنىپ تائاملارغا ئېغىز تېگىشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قوشقا قېتىش ئۈچۈن مەخسۇس بېقىلغان ئۆكۈزلەرنى ئەكىلىدۇ. بۇلتۇرقى ئاشلىقتىن پىشۇرۇلغان نېپىز نان، كۆلچە «كاكچا» ناننى ئەتراپتىكى چوڭلارغا بىردىن تارقىتىپ بېرىدۇ ۋە بىر پارچە ناننى ئۆكۈزلەرگە يېگۈزىدۇ، يەرلەرنى ھەيدەپ بولغىچە ئىنس- جىنلار كەلمىسۇن، دەپ زىغىر ماي بىلەن ئۆكۈزلەرنىڭ مۈڭگۈزىنى مايلاپ قويىدۇ، يامان روھلاردىن پاك بولسۇن دەپ ئىسرىق سېلىنىدۇ، بىرىنچى قوشنى يېزىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك، كۆپ پەرزەنت كۆرگەن، نەۋرە- چەۋرىلىك بولغان مويسىپىتلاردىن بىرى ھەيدەيدۇ. ئېتىزنى بىر ياكى ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ يەرنى ئاغدۇرۇپ يەرگە ئۇرۇقلۇق بۇغدايدىن ئىرىملىقتا بىر نەچچە سىقىم چېچىپ مۇراسىمنى باشلاپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قوش چىقىرىپ يەر ئاغدۇرۇپ تېرىش باشلىنىپ كېتىدۇ، بۇنداق مۇراسىملار ھەمەل ئېيى باشلىنىپ بىرەر ئاي داۋاملىشىدۇ، مەھەللىدىن مەھەللىگە كۆچۈپ داۋاملىشىدۇ. ھەر بىر مەھەللىدە مەيدان ھازىرلىنىپ قىزىقچىلار، دورامچىلار، دارۋازلار، سازەندىلەر، ناخشىچىلار، پالۋانلار تەييارلىغان ئويۇنلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن كۆرسىتىدۇ. قوچقار، تۆگە، خوراز، بۆدۈنە، كەكلىك سوقۇشتۇرۇشلار، تۇخۇم چېكىشتۈرۈشلەر بولىدۇ. مەھەللىدە مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە بەزى ھاللىقراق ئائىلىلەردە ئويۇنلار داۋاملىشىپ، زىياپەتلەر بېرىلىپ، مولىلارنى چاقىرىپ دېھقانچىلىق رىساللىرى ۋە باشقا پايدىلىق كىتابلار ئوقۇلۇپ، دۇئا- تەگبىرلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ.

دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مۇراسىملاردىن يەنە بىرى قۇرغاقچىلىق بولغان يىللىرى يامغۇر تىلەش ئادىتىمۇ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن. بىنەم يەرلەرگە تېرىقچىلىق قىلىدىغان ۋە چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدىغان ئائىلىلەر ئەتىياز ۋە يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە يامغۇرغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئۆزبېكلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەر يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان ئاشلىقلارنى «قايىراقى» دەپ ئاتىغان، «بۇنداق يامغۇر ياغمىغان ئايلاردا خەۋپ ئاستىدا قالغان ئاشلىقلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملاردىن «سۇست خاتىن»، «سوۋ خاتىن»، «چالا خاتىن» قاتارلىق يامغۇر تىلەش ئۇدۇملىرى كەڭ تارقالغان. بۇ مۇراسىمنى ئەپچىل، چاققان ۋە كۈچتۈڭگۈر

ئادەم باشقۇرىدۇ. بۇ مۇراسىم شۇ يەرلىك خەلقنىڭ نەزەرىدە مەنىلىك، بەختلىك ۋە ياخشى دەپ قارىلىدىغان كۈنگە بېكىتىلىشى كېرەك، بۇنىڭغا بىر دانە يوغان كاۋا، ئىككى تال قومۇش نەيچە، ئىككى دانە تاشپاقا، بىر ئېشەك، ئىئانە قىلىنغان نەرسىلەرنى سېلىش ئۈچۈن بىر دانە خۇرجۇن كېرەك بولىدۇ. ئەڭ مۇھىم نەرسە ياغاچتىن ياسالغان قاراقچۇق بولۇپ، ئۇ ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغا موماينىڭ كىيىمى كىيگۈزۈلگەندىن كېيىن ھەر خىل تىلەكلەرنى تىلەپ قارانچۇقنى كۆتۈرۈۋېلىپ مەھەللىمۇ مەھەللە، ئۆيمۇئۆي كىرىپ، «سۇست خاتىن» ناخشىسىنى قايتۇرمىسى بىلەن ئېيتىدۇ. ئۆي ئىگىسى قىزغىن قارشى ئېلىپ «سۇست خاتۇنغا» يەنى قارانچۇققا سۇ چېچىپ ئىزرىم قىلىدۇ ۋە ئاتىغان نەرسىسىنى بېرىدۇ. ئېيتىلىدىغان ناخشا ۋە قوشاقلار مول ھوسۇل، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق ۋە ئەمىنلىكنى تىلەش مەزمۇنىدا بولىدۇ.

ھوسۇللار مول بولسۇن سۇست خاتۇن،
دېھقاننىڭ ئۆيى تولسۇن سۇست خاتۇن.
يامغۇر ياغدۇرغىن سۇست خاتۇن،
ياماننىڭ ئۆيى كۆيسۇن سۇست خاتۇن.
ئاسماندىن تامچە تاشلاپ سۇست خاتۇن،
ئېل-يۇرتنى تويدۇرغىن سۇست خاتۇن.

يامغۇر تىلەش مۇراسىمىنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ ياغاچتىن قارانچۇق ياساپ مومايلارنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ، ئۇنى بىر ئايال كۆتۈرۈپ ئارقىسىدىن خۇرجۇن كۆتۈرگەن ئالتە-يەتتە بالا مېڭىپ، بەرگەن نەرسىلەرنى يىغىدۇ ۋە ئۆيمۇئۆي كىرىپ خۇدادىن يامغۇر ياغدۇرۇشنى تىلەپ «چالا خاتۇن» ناخشىسىنى ئېيتىدۇ:

ئايلىنىدۇ چالا خاتۇن، ئۆرگىلىدۇ چالا خاتۇن،
ئانامنىڭ تونجىسىمەن، قازاننىڭ قىرغىچىمەن.
يامغۇرنىڭ ياغدۇرغۇچىسىمەن،
خۇدا بەرسە ئابى رەھمەت يېغىۋەرسۇن.
ئايلىنىدۇ چالا خاتۇن، ئۆرگىلىدۇ چالا خاتۇن.

دەپ ناخشا ئېيتىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ يىغقان نەرسىلەرنى مەھەللىدە ئېسىلغان داش قازاندا پىشۇرۇپ، كۆپچىلىك بىلەن خۇشال-خۇرام مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرىدا قارانچۇقنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

ئۆزبېكلەردە يەنە ئاشلىق پىشقاندا تۆۋۈقسىز بوران چىقىپ زىرائەت دانلىرىنى قېقىۋەتمىسۇن دەپ «چاي موما» دېگەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. «چاي موما» ئەسلى يەل موما، شامال موما دېگەنلىكتۇر يازدا، پىشقىچىلىق ۋاقتىدا ئۆتكۈزىدىغان قوغۇن سەيلىسى ۋە كۈزدە ئۆتكۈزۈلىدىغان، مول ھوسۇلنى تەبرىكلەيدىغان مۇراسىممۇ ئىنتايىن ئومۇملاشقان مۇراسىمدۇر.

### ئۆزبېك تائاملىرى ھەققىدە

ئۆزبېكلەر ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزلىرى ياشىغان يەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۆستۈرۈلىدىغان دانلىق ئاشلىقلار ۋە ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بىر يۈرۈش تاماق تۈرلىرىنى ئىجاد قىلىپ ئىستېمال قىلىپ كەلدى، ئاساسلىقى ئۇلار بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، ئاق قوناق قاتارلىق ئاشلىقلارنى تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىپ ھەر خىل تائاملارنى تەييارلىغان. يەنە خارەزىم، پەرغانە ۋادىسى قاتارلىق يەرلەردە گۈرۈچ كۆپ تېرىلغانلىقتىن گۈرۈچ تائاملىرىمۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل پۇرچاقلار نوقۇت، ماش قاتارلىقلاردىنمۇ شېرىن، مەززىلىك تائاملارنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ كەلدى. ئۆزبېكلەر ياشىغان رايونلاردا چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلىپ كۆلەملەشكەنلىكى ئۈچۈن گۆش تۈرلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، فەرغانە ۋىلايىتىدە قوي گۆش، خارەزىم تەرەپلەردە ئات گۆش ۋە ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار، ياۋايى قۇشلار گۆشىدىن خىلمۇخىل تائاملار تەييارلىنىدۇ، سىر ۋە ئامۇ دەريا بويلىرىدا ياشىغان ئادەملەر كۆپىنچە بېلىقلارنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىدۇ.

ئۆزبېك تائاملىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئالدىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەكلىك ناندۇر. ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆزبېك ناۋايلىق سەنئىتى ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئەڭ زۆرۈر ۋە كەڭ تارقالغان قەدىمىي كەسىپتۇر، ناۋايلىق كەسپى ئۇزاق يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە نان تۈرلىرىنى بەرپا قىلدى. مەسىلەن، ئاسيا نېنى، پولاتى نېنى، زەرگەران نېنى، تەپتان نېنى، ئابەكى نېنى، كۆلەبەكى نېنى، ۋاپائى گەۋ نېنى، تەراقى نېنى، ئۇنىڭدىن باشقا گىردە نان، گۆشنان، قاتلىما نان، جىگدەەك نان، زاغرا نان، قوشكېزەك شىرماي نان، مايلىق كۆلچە نان، كۆمەچ نان قاتارلىق نانلار زىياپەتلەردە داستىخانلارنى زىننەتلەيدۇ. ئۆزبېكلەر ناننى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ، ناننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنى بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگىتىدۇ، يەرگە چۈشۈپ قالغان نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ ئالىدۇ، ئائىلە

ئەزالىرى چاي ئىچكەندە ناننى شۇ ئائىلىدىكى ئەڭ چوڭ ئادەم ئۇشتۇيدۇ، بەزى ھاللاردا ناننى ئوتتۇرىغا قويۇپ قەسەم قىلىدىغان ئىشلارمۇ مەۋجۇت.

ئۆزبېكلەرنىڭ تونۇر قويۇش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ 1-تونۇرنى تامغا چاپلاپ قويىدۇ، تامغا يېقىن قىلىپ مەلۇم ئېگىزلىكتە سۇپا چىقىرىدۇ. سۇپىنىڭ ئۈستىگە تونۇرنى باستۇرۇپ چوڭ ئاغزى تامغا چاپلاپ قويۇلىدۇ، كىچىك ئاغزى سىرتقا قارىتىپ قويۇلىدۇ، ئوتنى كىچىك ئاغزىدىن يېقىپ تونۇر قىزىغاندىن كېيىن ئاستىدىكى چوغلارنىڭ بىر قىسمى ئېلىۋېتىلىپ ناننى تونۇرغا ئۆرە تۇرۇپ ياقىدۇ، بۇ ئۇسۇل ئىلى ئۆزبېكلىرىدە 1960-يىللارنىڭ بېشىغىچە قوللىنىلغان، 2-ئۇسۇل ھازىر ئومۇملاشقان تونۇر قويۇش ئۇسۇلىدۇر.

ئۆزبېكلەر پالاۋنى (پولۇ) ئەڭ ئالىي تائام ھېسابلاپ كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ، پولۇنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ ھەرقايسى رايون ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن پولۇ جامائەت يىغىلغان ھەر خىل مەرىكىلەردە ئاساسلىق تائام ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭدىن باشقا شاۋلا (شويلا) يېنىك، سىڭىشچان بولۇپ ئادەتتە ئائىلىلەردە كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۆزبېكلەردە تونۇر بەررە، يەخنە بەررە، بەررە گۆش، دۇمبە جىگەر، گۆممە قېرىن، ھېسىپ قاتارلىق تائاملارمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۆزبېكلەردە يەنە چۆچۈرە كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، چۆچۈرىنىڭ تۈرلىرىمۇ بىر نەچچە خىل بولۇپ، بىرى، سۇيىنى ئۈستىخانلار بىلەن قايىنتىپ، تۈگۈلگەن چۆچۈرنى سالىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، قايىنغان سۇغا تۈگۈلگەن چۆچۈرنى سېلىپ، تاۋاقلارغا ئېلىپ تەييارلانغان قىيمىنى ئۈستىگە قۇيۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. پىياز، پەمىدۇر، لازا قاتارلىقلارنى ياغشى قورۇپ پىشۇرۇش «قىيما» دېيىلىدۇ، يەنە بىر تۈرى قايناۋاتقان سۇغا تۈگۈلگەن چۆچۈرلەرنى سېلىپ ئاق چۆچۈرە قىلىپ ئىچىدۇ. يەنە بىر خىلى تۈگۈلگەن چۆچۈرنى قازاندىكى مايغا سېلىپ ساپسېرىق قىلىپ پىشۇرۇپ جاۋۇرلارغا سېلىپ، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىملەرگە تاۋاق قىلىپ ئاپىرىدۇ.

ماشتىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەرمۇ ھەر خىل بولۇپ ماشكىچىر، ماش خوردا قاتارلىقلار بار. خېمىر قىلماي پەشۇرىدىغان تائاملاردىن ھالۋا، ئاتالا، ئۇماچ قاتارلىقلار، ئاتالار ۋە ھالۋىنى پىشۇرۇش بىرئاز نازۇكراق بولۇپ ئوتقا دىققەت قىلمىسا ئاسانلا كۆيۈپ كېتىدۇ، كونىلاردا: «ئاتالا پاپىش، قازەنگە ياپىش» دېگەن گەپ بار. يەنە ئات گۆشىدە قىلىنىدىغان شىلپىلداق، نارىن، قۇرۇق نارىنمۇ ئادەتتە مېھماندارچىلىقتا كۆپ ئېتىلىدۇ، سەپەر تائاملىرىدىن يۇپقا تامقىمۇ بار. ئۇيدىكى بىرەر ئادەم سەپەرگە چىقسا، يۇپقىنى كۆپرەك ئېتىپ، ياغشى ئوراپ ئېلىپ ماڭدۇ، يۇپقا ئاسانلىقچە بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا تونۇر سامسا، كاۋا سامسا، ۋەرەقە سامسا، گۆشگىردە، پەرەمۇچلارمۇ داستىخاننىڭ زىننىتىدۇر.

ئۆزبېكلەردە پەسىللىك تائاملارمۇ بار مەسىلەن، سۇمەلەك، ھەلىم قاتارلىقلار. ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قېرىنداشلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش جەريانىدا، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، تەسىر كۆرسىتىش بىلەن تائاملارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپەيگەن، ئۆزبېكلەردە باللارنىڭ قىرىق سۇيىنى قۇيغاندا ئۇششاق توقاچ يېقىپ، توقاچنىڭ ئۈستىگە ھالۋىنى سېلىپ شۇ مەرىكىگە قاتناشقان باللارنىڭ ھەممىسىگە بېرىدۇ، باللار ئۇششاق توقاچنى ئۈستىدىكى ھالۋا بىلەن قوشۇپ يەپ، ئىنتايىن خۇرسەن ھالدا ھەر خىل ئويۇنلىرى بىلەن مەرىكىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۆزبېكلەردە كاۋاپ تۈرلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ قازان كاۋاپ، زىق كاۋاپ، قىيمىلىق كاۋاپ، پادىچى كاۋاپ، تونۇر كاۋاپ، چارۋا كاۋاپ، ھېسىپ كاۋاپ، جىگەر كاۋاپ قاتارلىقلار بار. گۆشلۈك قورۇمىلاردىن دەرمان قورۇما، كەكلىك قورۇما، بۆدۆنە قورۇما، قوي گۆشى قورۇمىسى، كالا گۆشى قورۇمىسى، جىگەر قورۇما، تۇخۇم قورۇما قاتارلىقلار بار. تائاملارغا سېلىنىدىغان تەم خۇرۇچلاردىن زىرە، مۇرۇچ، قەلەمپىر، زىرىق، رەيھان، جەمبىل، زەنجابىل، ئاشكۆكى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تائاملار تەييارلىنىدۇ.

مېھمان كەلگەندە تائاملارنىڭ قويۇق ۋە سۇيۇقىنى بەدەنگە ئىسسىق ۋە سوغ كېلىدىغان تۈرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەكشەپ ئەكىرىپ، مېھمانلارنىڭ تەن ساقلىقىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ، ھەر خىل دۇملىمىلەرمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۆزبېكلەر نوقۇتنى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. مەسىلەن، پولۇغا، ھەر خىل سۇيۇق تائاملارغا ئارىلاشتۇرۇپ ئۆزبېكلەر ياشىغان يەرلەردە ھەر خىل مېۋىلەر كۆپ ئۆستۈرۈلگەچكە مېۋىلەردىن ھەر خىل شەربەتلەر، مۇراببالار تەييارلىنىپ ئائىلىدە ۋە مېھمان كەلگەندە داستىخانغا قويۇلىدۇ، ئۆزبېكلەردە تاماقتىن كېيىن قېتىق ئىچىش ئادەتكە ئايلانغان.

(ئاپتور: غۇلجا شەھەر باغۋەن كوچا 6-قورۇدا)



# ئۇيغۇرلاردا سوغۇق ئۆتكۈزۈپ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى

نۇرمۇھەممەتجان ئىمىن پىدائىي

سوغۇق ئۆتكۈزۈپ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلمۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئۇسۇل بىلەن بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىغا ياكى مەلۇم ئەزاسىغا سىرتتىن سوغۇقلۇق قىلىش ئارقىلىق ھەر خىل قاناشلارنى، يۇقىرى قىزىتمىلارنى، شۇنىڭدەك قاتتىق ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەندىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنى تېز داۋالىغىلى بولىدۇ. سوغۇق ئۆتكۈزۈپ داۋالاشنىڭ ئۇسۇللىرىمۇ كۆپ خىل بولۇپ گىرېلكا، بوتۇلكا، ھايۋان دوۋساقلىرى ياكى سولياۋ خالتا قاتارلىقلارنى ئېلىپ ياكى ھەر خىل قايىنتىلغان دورىلارنى ۋە ئەرەقلىرىنى سوۋۇتۇپ ئىچۈرۈش، كىلىزما قىلىش ياكى لۆڭگە ماتا قاتارلىقلارغا شۈمۈرۈۋېتىپ يەرلىك ئورۇنغا قويۇش ياكى مۇزلىتىلغان لۆڭگە، ماتىدا تەييارلانغان خالتا ۋە باشقىلارنىڭ ئىچىگە مۇز پارچىسىنى سېلىپ كېسەللەنگەن ئەزاغا قويۇش ئارقىلىق سوغۇق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## سوغۇق ئۆتكۈزۈپ داۋالاشنىڭ ئالاھىدىلىكى

سوغۇق ئۆتكۈزۈپ داۋالاش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

1) سوغۇق ئۆتكۈزۈپ داۋالاش ئېلىپ بارغاندا سوغۇقلۇقنىڭ فىزىكىلىق تەسىرى ئاستىدا توقۇلمىلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، يەرلىك ئورۇننىڭ قان ئايلىنىشى ئاستىلاپ، ماددا ئالمىشىش تۆۋەنلەيدۇ. قان تومۇرلار تارىيىپ سىپازمىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئورۇندىكى ئاغرىق پەسىيىدۇ ياكى ئاغرىق توختايدۇ.

2) سوغۇق ئۆتكۈزۈپ داۋالاش بىر قىسىم يۇقىرى ھارارەتلىك كېسەللىكلەر مەسىلەن: كۆيۈك، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىق، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراشلارغا قارىتا يەرلىك ئورۇندىكى نېرۋىلارنىڭ سېزىمچانلىقىنى تۆۋەنلىتىپ، تېزلا ئاغرىق پەسەيتىش ۋە ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

3) ھەر خىل ئىچكى - تاشقى قاناشلارنى سوغۇق

ئۆتكۈزۈپ داۋالىغاندا سوغۇقلۇق يەرلىك ئورۇندىكى قان تومۇرنى تارايتىپ، قاننى توختىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**سوغۇق ئۆتكۈزۈپ داۋالاشنىڭ ئۇسۇللىرى**

سوغۇق ئۆتكۈزۈپ داۋالاشنىڭ ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل بولىدۇ:

1) باشقا سوغۇق ئۆتكۈزۈپ داۋالاش قىزىتما، قان بېسىم يۇقىرى سەۋەبىدىن ياكى زەخىملىنىشتىن بولغان بۇرۇن قاناش قاتارلىقلارغا قارىتا مۇز پارچىسى سېلىنغان گىرېلكا ياكى مۇز پارچىسىنىڭ ئۆزىنى باش يەنى پېشانە ۋە ئىككى چېكىسىگە قويۇپ داۋالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پېشانىسىنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇش، يەڭگىل دەرىجىلىك بۇرۇن قاناش ۋە يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

2) زەخىملەنگەن ئورۇنغا سوغۇق ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى: زەخىملىنىش سەۋەبىدىن قان تومۇر يېرىلىپ قان توختىمىغان ئەھۋال ئاستىدا قانىغان ئورۇنغا مۇز پارچىسىنى بېسىپ يەرلىك ئورۇننىڭ قان تومۇرىنى قىسقارتىش ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش ئارقىلىق قاننى توختىتىشقا بولىدۇ.

3) ئاشقازانغا سوغۇق ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى: ئاشقازاندا قاناش بولۇپ ئاشقازاندىن قان كەلگەن ئەھۋالدا ئاشقازان ئۈستىگە مۇز گىرېلكىسى قويۇلىدۇ ياكى مۇزنى پارچىلاپ مۇز پارچىسىنى يۇتقۇزۇپ ئاشقازانغا بىۋاستە سوغۇق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

4) قورساققا سوغۇق ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى:

ئىسسىقلىقتىن بولغان ئىچى سۈرۈشلەردە قورساققا مۇز گىرېلكىسى ياكى مۇز پارچىسىنى قويۇش ياكى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇش ئارقىلىق سوغۇق ئۆتكۈزۈپ ئىچى سۈرۈشنى توختىتىشقا بولىدۇ.

**سوغۇق ئۆتكۈزۈپ داۋالاشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر**

ئاساسلىقى: بۇرۇن قاناش ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى زەخىملىنىشتىن بولغان قاناشلار، ئاشقازان قاناش، ئىسسىقلىقتىن بولغان ئىچى سۈرۈش، يۇقىرى قىزىتما، قان بېسىم يۇقىرىلىقتىن بولغان ياكى ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىش، ئۇنىڭدىن باشقا سىرتقى زەخىملىنىشنىڭ ئۆتكۈر مەزگىلى ئاسارىتىگە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئىششىق، بويۇنغا يەل تۇرۇپ قېلىش، كۆپۈك، ئۆتكۈر بەل ئاغرىش ۋە بوغۇم ياللۇغىنىڭ ئۆتكۈر ئالامىتى قاتارلىقلاردا قوللىنىلىدۇ.

**سوغۇق ئۆتكۈزۈپ داۋالاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار**

1) سوغۇق ئۆتكۈزۈشنى ئامال بار قىش كۈنلىرى قوللانماسلىق كېرەك.

2) مۇزلۇق گىرېلكىنى يەرلىك ئورۇندا بەك ئۇزاق تۇرغۇزماسلىق لازىم. يەنى كېسەللىك ئالامەتلىرى يوقالغىچە قويسا بولىدۇ ھەمدە سىرتقى مۇھىت بەك ئىسسىق ياكى بەك سوغۇق بولماستىن، بەلكى مۇھىت تېمپېراتۇرىسى نورمال ھالەتتە بولۇش كېرەك.

3) توقۇلمىلارنىڭ كەڭ دائىرىلىك زەخىملىنىشى، يەرلىك ئورۇندا قان ئايلىنىشىنىڭ نورمال بولماسلىقى ياكى يۇقۇملىنىش خاراكتېرلىك شوك بولۇپ قېلىش، مىكرو قان ئايلىنىشىنىڭ روشەن توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى، تېرىنىڭ كۆكىرىپ كېتىشى قاتارلىق ئېغىر ئالامەتلەر كۆرۈلگەندە قوللىنىشقا بولمايدۇ.

4) سوزۇلما ياللۇغلىنىش ياكى ئەزالارنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا يىرىڭلىق كېسەللىك ئۇچىقى بولغاندا سوغۇق ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

5) گەجگە ئارقىسى، قۇلاق سۇپۇرىسى، ئۇرۇقدان خالتىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا سوغۇق ئۆتكۈزمەسلىك، ئۈششۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

6) يۈرەك رىتىمىنىڭ ئاستىلاپ كېتىشى، يۈرەك دالانچىسى ۋە يۈرەك قېرىنچىسىنىڭ تالالىق تىترىشى ۋە ئۆتكۈزۈشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈرەك ئالدىنقى ساھەسىگىمۇ ئىمكان بار سوغۇق ئۆتكۈزمەسلىك كېرەك.

7) پۇتنىڭ ئالقىنىغا سوغۇق ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا رېفلېكسلىق ھالدا قان تومۇر ئۆچلىرىنىڭ تارىيىشى كېلىپ چىقىپ، ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ياكى تاجسىمان ئارتېرىيەنىڭ ئۆتكۈنچى قىسقىرىشىنى قوزغىتىدۇ. شۇڭلاشقا يۈرەك كېسەللىكى بارلار ۋە يۇقىرى قىزىتما بولۇۋاتقان ئاغرىقلارغا نىسبەتەن پۇتنىڭ ئالقىنىغا سوغۇق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىش كېرەك.

8) كېسەللىك سەۋەبىنى ئوبدان ئېنىقلاپ، كېسەللىك خىلىتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك بار بولسا ياكى خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ بەلغەم خىلىتىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان بولسا بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىدىن)









# سۇداندىكى باركال ۋە ناپاتا

**4. سۇداندىكى مەيرو ئەلئېھرامىغا نەزەر**

مەيرونىڭ شەھەر سىرتىدىكى ئىككى قۇم بارخانلىرى ئۇستىگە، مەيرو خاندانلىقىدا ئۆتكەن پادىشاھ ۋە خانىشلار ئون نەچچە ئەلئېھرام سالدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قەبرىگاھى قىلغان. بۇ ئەلئېھراملارنىڭ مىسىر ئەلئېھراملىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ ئەلئېھراملارنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىككى تەرەپ يانتۇلۇقى تىكرەك، ئومۇمىي گەۋدىسى كىچىكرەك، يېنىغا بىر ئىبادەتخانا سېلىنغان بولۇپ، ئىچىنى ئويما نەقىش ۋە بېغىشلىمىلار بىلەن زىننەتلىگەن. مىلادى 4 - ئەسىردىن باشلاپ مەيرو مۇنقەرز بولۇپ يوقالغاندىن باشلاپ، ئۇ يەرگە تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئاياغ ئىزى بېسىلماي تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندىلا غەرب ئەللىرىدىكى ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن بايقالغان.

بۈگۈنكى كىشىلەر چۈشىنىپ يەتكەن كۇش پادىشاھلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تاشقا ئويۇلغان، قەدىمكى مىسىر يېزىقىدىكى تەرجىمھالدىن كەلگەن. چۈنكى ھازىرقى زامان ئالىملىرى تا بۈگۈنگىچە مەيرو تىل - يېزىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىلىرى باركال تېغى ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەردىن، يەنە بىر قىسمىلىرى باركال تېغىغا يېقىن جايدىكى كۇرۇ خان قەبرىسىدىن بايقالغان. ۋاقىت مۆلچەرىگە قارىغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى مىلادى 4 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مىسىر 25 - خاندانلىقىنىڭ فىرئەۋن ۋە خانىشلىرى، يەنە كېيىنكى نوبىيە خاندانلىقىدا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەلئېھراملارغا دەپنە قىلىنغان.

بۇ يەردىكى ئەلئېھراملارنىڭ باركال تېغىدىكى ئەلئېھراملارغا ئوخشاش، ئارىلىقى يېقىن ياسالغان. چۈنكى بۇ يەردىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆلىمى چەكلىك، يەر شارائىتى ئەسلىدىنلا ئېگىز - پەس بولغاچقا، ھەرقايسى ئېھراملارنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ، گىرەلەشكەن ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئەلئېھراملارنىڭ ھەممىسى قۇم تاشلار بىلەن سېلىنىپ، ئىچى قۇم ۋە شېغىل تاشلار بىلەن

تولدۇرۇلغان. ئېھراملارنىڭ ئېگىزلىكى 10 ـ 20 مېتىر
بولۇپ، ئەڭ ئېگىزلىرى بەلكىم 30 مېتىردىن ئېشىشى
مۇمكىن. ئەڭ پاكارلىرى، پەقەت نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە
قېپقالغان قالدۇق ئېھراملاردۇر. بۇ ئەلئېھراملارنىڭ ھەمـ
مىسىنىڭ ئۇچى يوق، يىراقتىن قارىغاندا ئۇچى باردەك
كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۈستى ئۈچ بۇلۇڭ ئەمەس، تۈز
ھالەتتە. كۆپىنچە ئېھراملارنىڭ ئالدىدىكى ئىبادەتخانىلار
ساقلىنىپ قالغان، ئەمما مۇكەممەل ساقلانغانلىرى ئىنتايىن
ئاز. بەزىلىرىنىڭ پەقەت بىر ئايلانما تېمىلا قېپقالغان.
2000 يىلدىن ئارتۇق تەبىئەتنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىدا
خېلىلا ئۇپرىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى كۆرۈش
خېلىلا تەس. بەزى ئىبادەتخانىلار خارابىلىكىدىن نوبىيە
يېزىقىدا ئويۇلغان ئويما يېزىق ۋە ئېپىگرافىلار بايقالغان.
يەنە بۇ ئەلئېھراملارنىڭ كۆپىنچىسى قېزىلىپ بولۇنغان.
بەزى گۆرلۈكتىكى بارلىق بۇيۇملار، يەنى تام سۈرەتلىرىـ
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە نەرسە ئەنگلىيە، ئامېرىكا
مۇزېيلىرىغا توشۇپ كېتىلگەن. ئەلئېھراملار ۋە ئىبادەتخاـ
نىلار ئىچىگە پۈتۈلگەن ئابىدىلەر، مەيرو خانىدانلىقىنىڭ
ھۆكۈمرانىنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار
بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ تاش ئابىدىلەرنىڭ ئىچىدىن ئارخېـ
ئولوگلار خېلى كۆپ پادىشاھلارنىڭ نام ـ شەرىپىنى ئىگەـ
لەپلا قالماستىن يەنە مەلۇم پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزـ
گىلىدىكى تارىخىي ۋەقەلىرىنىمۇ بىلىۋالغان.

مەسىلەن، ناتاكامونى(NaotakaMani) پادىشاھ بىلەن
ئارمانىتور (Armanitor) خانىشنىڭ مەيروغا ھۆكۈمرانلىق
قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئېھتىـ
مال كونا ئىبادەتخانىنى رېمونت قىلىپ، يېڭى ئىبادەتخانا
سېلىشقا بولغان قىزغىنلىقى بىردەك بولغان. يەنى خېلى
كۆپ تاش ئابىدىلەرگە ئويۇلغان بېغىشلىمىلاردا ئىككىسىـ
نىڭ نام شەرىپى كۆپ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، مەيرودىكى
ئامون چوڭ ئىبادەتخانىسى، ناقەھتىكى ئىككى چىلتەنلىك
ھەم ناپاتادىكى نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدىغان مەركىزىي
يەرلەردىكى تاش ئابىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ تاش ئابىدىلەردىكى يازما مەلۇماتلارغا ئاساسلانـ
غاندا، ئارمانىتور خانىش پەقەت ئېرىگە يېقىپلا ئولتۇرماسـ
تىن، چوڭ ھوقۇقلارنى تۇتۇپ پادىشاھ بىلەن تەڭ ھاكىـ
مىيەت يۈرگۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم خانىشلارمۇ
بۇ خىل بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتەك ھۆكۈمرانلىق
ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان. شۇڭا بۇ ھەقتە باشقا خانىشلارـ
نىڭ ئەلئېھرامى بىلەن بىر قىسىم ئىمارەت ۋە ھەيكەللەرـ
دىكى ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بېغىشلىمىلاردىن كۆرگىلى
بولىدۇ.

1894 ـ يىلى، ئىتالىيەلىك فىللىپىنى (Fellini) ئىسىملىك
بىر ئېكسپېدىتسىيەچى بۇ يەرگە قىممەتلىك، ئېسىل بۇيۇمـ
لارنى ئىزدەپ كەلگەن. ئۇ گۆرلۈكنى ئېھرامنىڭ ئىچىدە
دەپ قارىغان، (ئەمەلىيەتتە ئېھرامنىڭ ئاستىدا)، شۇنىڭ
بىلەن ئۇ بەش ئەلئېھرامنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ ئاخـ
تۇرۇپ، ئارانلا ئېگەر، مېتالدىن ياسالغان قوڭغۇراق، بىر
قىسىم ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ جەسەت سۆڭىكى دېگەنـ
دەك نەرسىلەرنى تاپقان. فىرونى بىر نەچچە قېتىم بۇ
يەردىن كېتىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، كۆڭلى ئۇنىماي،
داۋاملىق گۆرلۈك ۋە بۇتخانىلاردىكى قاپارتما نەقىشلەرـ
نى سىنچىلاپ كۆزىتىپ يۈرۈپ، ئارمانىتور خانىش بىلەن
يەنە ئارمانىشەكھەيدەر (Amanishakheto) ئىسىملىك
خانىش (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى
ئون يىلدىكى مەيرو ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى)نىڭ ئوبرازى
ناھايىتى روشەن تەسۋىرلەنگەن سۈرەتنى بايقىغان ھەم
تېزلا ئارمانىشەكھەيدەر خانىشنىڭ ئەلئېھرامىنى قېزىش
ئويىغا كەلگەن. دەرۋەقە فىللىپىنى ئاخىرى ئۇنىڭ ئەلئېھراـ
مىدىن كۆمۈلۈپ ياتقان قىممەتلىك بايلىقلارنى بايقىغان.
ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن، قاشتېشى ۋە ئېسىل تاشلاردىن ياـ
سالغان زىبۇ زىننەتلەر بار ئىدى. يەنە بۇ ئېكسپېدىتسىيەـ
چىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغان نەرسە بىر پارچە غايەت
زور تاش پارچىسى ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ تاشنىڭ تېگىدە
چوقۇم تېخىمۇ كۆپ بايلىقلار كۆمۈلۈپ ياتقان بولۇشى
مۇمكىن دەپ ئويلىغان ۋە قىزغىنىپ ياردەملىشىۋاتقان
ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قايتۇرۇۋەتكەن، ئەمما بۇ بىر
توپ مەدىكارلار ئىشنىڭ سەل غەلىتىلىكىنى ھېس قىلىپ،
يىراققا بارماستىن، نەيزە ـ توقماقلارنى تەييارلاپ، قورال
كۆچىگە تايىنىپ بۇ يەردىكى بايلىقلاردىن بەھرىمەن بوـ
لۇشقا تەييارلانغان. فىللىپى بۇنى سەزگەندىن كېيىن،
دەرھال ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن، ئارمانىشەكھەيدەر خاـ
نىشنىڭ يەرلىكىدىن چىققان ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ
مەرۋايىتلارنى ئېلىپ كېچىلەپ قېچىپ، ياۋروپاغا قايتقان.
كېيىن، بۇ ھارام بايلىقلارنى بېرلىن ۋە مىيۇنخېندىكى
مۇزېيلارغا بۆلۈپ سېتىپ بەرگەن. تاكى 1922 ـ يىلىغا

كەلگەندە بۇ بىردىنبىر قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق بۇيۇملار ئاندىن بىر يەرگە جەم قىلىنغان.

ئارخېئولوگ ئەترىتى يەنە نۇرى دېگەن جايدا، نوبىيە پادىشاھى تاخاكانىڭ قەبرىسىنى بايقىغان. 1918 - يىلى ئارخېئولوگ رايسنېر (Reisner) ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر يەر ئاستى لەھەتكە چۈشىدىغان پەلەمپەي بولۇپ، بىز بۇ پارچە - پۇرات نەرسىلەر چېچىلىپ ياتقان پەلەمپەيدىن بىر تاش ھەيكەلنىڭ چېقىلىپ ياتقان ھالىتىنى بايقىدۇق، ئۇنىڭ ئارىسىدىن بىر پارچىسىنىڭ ئۈستىگە تاخاكانىڭ ئىسمى يېزىلغانىكەن».

كۆشنىڭ بۇ ھۆكۈمرانى قىزىل قۇم تاش بىلەن ياسالغان مۇشۇ ئەھرامنىڭ ئاستىدا ئىدى. بۇ تاشلىنىپ قالغان ئەھرامنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 165 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە بولۇپ، بۇ نوبىيە خاندانلىقى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ياسالغان ئەڭ چوڭ ئەھرامدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يالغۇز تاخاكانىڭ ئەھرامىدىنلا 1000 دىن ئارتۇق شۇنداق نەپىس تاش ھەيكەللەر چىققان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئارخېئولوگ ئەترىتى يەنە ئالدى - كەينى بولۇپ، 19 نەپەر نوبىيە پادىشاھى بىلەن 53 نەپەر خانىشنىڭ قەبرىسىنى تاپقان. بۇ ئەھراملارمۇ كېيىن ئوغرىلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. ئەل. كۇرۇن (El Kuru)بىلەن نۇرى دېگەن جايدىكى قەبرىستانلىقلار تولۇق ئىسپاتلاردىن نوبىيەلىكلەر دەپنە - مۇراسىم يوسۇنلىرىدا قوشنا دۆلەت مىسىرنىڭ نۇرغۇن ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇلار مىسىرلىقلاردىن خان جەمەتىنىڭ جەسىتىنى مومىيالاش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن. يەنە ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ۋە كىچىك تىپتىكى ياساۋۇللارنىڭ ھەيكىلىنى ئۆلگۈچىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە قويۇپ ئۇنىڭ ئۇ دۇنيادىكى خىزمىتىنى قىلىشى ئۈچۈن ھازىرلىغان.

ئەمما مىسىرنىڭ تەسىرى نوبىيەلىكلەرنىڭ يەرلىك دەپنە ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ئالالمىغان. نوبىيە پادىشاھى ئۇرۇش ھارۋىسىغا قېتىلغان جەڭ ئاتلىرىغا يۈكسەك شان - شەرەپ بېرىپ، ئاتلار ئۆلگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلغان. ئەل. كۇرۇن خان قەبرىستانلىقىغا پەقەت 200 يارد (ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بىر يارد 1449.0 مېترغا تەڭ) كېلىدىغان جايدا، ئارخېئولوگ ئەترىتىدىكىلەر جەڭ ئېتى كۆمۈلگەن قەبرىستانلىقنى بايقىغان. ھەر بىر ئات يەرلىكىدە تۆپتۈز ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە مەرۋايىتلىق تور يېپىلغان، تورنىڭ ئۈستىگە يەنە رەڭلىك ساپالدا ياسالغان تۇمار، قۇلۇلە قېپى، كۈمۈش ۋە مىستا ياسالغان ھەر خىل بېزەكلەر باغلاپ قويۇلغان، بەزى ئاتلارنىڭ يېنىدىن يەنە كۈمۈش بويۇنتۇرۇقلارمۇ بايقالغان.

باركال تېغى ئەتراپىدىكى ئەھراملارغا مۇناسىۋەتلىك بەزىبىر ئاجايىباتلارغا قارىتا تا بۈگۈنگە قەدەر قايىل بولغىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدۇق. مەسىلەن، بۇ ئەھراملار قانداق ياسالغان؟ ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەھرامنىڭ ئىچىگە قانداق كىرگەن؟ بۇلار ئارخېئولوگلار تېخىچە يېشەلمەيۋاتقان سىر، بەزىلەر سۇداندىكى ئەھراملار بىر دىنىي قۇرۇلۇش، ئۇ ئافرىقا خاندانلىقىدا ئۆتكەن خان ۋە خانىشلارنىڭ قەبرىسى ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

1916 - يىلى ئارخېئولوگلار باركال تېغى ئەتراپىدىكى بىر ئەھرامنى قازغاندا، تاسادىپىي ئەھرامغا كىرىش ئۇسۇلىنى بايقىغان. كېيىنكى ئىسپاتلاشلاردىن بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ بارلىق قەبرىلەرگە باب كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن. كاسىپلار ئالدى بىلەن ئەھرامغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر قىيپاش پەلەمپەي ياسىغان. بۇ پەلەمپەي تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇدۇل ئەھرامنىڭ ئاستىدىكى لەھەتكىلا تۇتىشىدىكەن، كىشىلەر شۇ ۋاقىتتىلا بۇ يولنىڭ سىردىنى بىلگەن بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئەھرامنى سالغۇچىلار مۇشۇ يول بىلەن كىرگەن دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك مۇنداق قارايدۇ، مىسىردىكى ھەيۋەتلىك ئەھراملارنى ياساشتا، ئەھرامنىڭ تۆت تەرىپىگە قۇم بويلىتىپ يانتۇ دۆۋىلەنگەن. بۇنداق قىلغاندا قۇرۇلۇش ئۈستىلىرى كىچىك يانتۇلۇقنى بويلاپ، غايەت چوڭ تاشلارنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قويالايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بەزى ئالىملار، سۇداندىكى ئەھراممۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇلۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. ئەمما كۆپ يىللاردىن بۇيان سۇداندىكى ئەھرامنى تەتقىق قىلىۋاتقان گېرمانىيەلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ، دوكتور خېنكول (Henckol) بۇ قاراشنى رەت قىلىپ، بۇ ئەھراملار بىلەن مىسىردىكى ئەھراملارنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسۇلىدا پەرق بار، چۈنكى

مەيرو ئەلئېھراملىرىنىڭ ئارىلىقى يېقىن ياسالغان، شۇڭا ئەلئېھرامنىڭ تۆت تەرىپىگە قۇمنى يانتۇ دۆۋىلەپ قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن. ئۇ يەنە بۇ ئەلئېھراملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، ئۇلار مىسىر ئەلئېھراملىرىغا ئوخشاش ئۇچىغىچە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارمىغان. بەزى ئەلئېھرامنىڭ چوققىسىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۇپرىماي ياكى كېپەن ئوغرىلىرى تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلمەي مۇكەممەل ساقلانغىنىغا قارىغاندا، چوققىسىنىڭ پۇتۇشىگە بىر نەچچە مېتىر قالغان يەردە قۇرۇلۇش توختىتىلغان، ئاندىن چوڭ بىر يۇملاق تاشنى ئەلئېھرامنىڭ چوققىسىغا قويۇپ، ئەلئېھرامنىڭ پۇتۇن قۇرۇلۇشىنى تاماملىغان دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: ئەلئېھرامنىڭ بىر پۇتۇن قۇرۇلمىسىغا ئىشلىتىلگەن غايەت زور قۇم تاشلار ئېھرامنىڭ ئۇستىگە مۇقىملاشتۇرۇلغان بىر خىل كىران بىلەن بىر پارچىدىن، بىر پارچىدىن تارتىپ ئېلىپ چىقىلغان، بۇ خىل كىراندا پەقەت ئۇدۇل چىقىرىپ، ئۇدۇل چۈشۈرۈپلا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا بولغاچقا، بۇ ئەلئېھرامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە ئىنگلىز چىسى قالغان يەردىكى قۇرۇلۇشنى تاماملىيالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا بۇ ئەلئېھرام قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى مىسىر ئەلئېھراملىرىنىڭكىدىن كىچىك ھەم گەۋدىسىنىڭ يانتۇلۇقى خېلىلا تىك بولۇشىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا بۇ ئەلئېھراملار ئەينى ۋاقىتتا زادى قانداق سېلىنغان؟

### 5. سىرلىق مۇقەددەس تاغ

نىل دەريا بويىدىكى، خارتوم شەھرىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 200 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا يالغۇز بىر قۇم تاغ چوقچىيىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنى باركال تېغى دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمما مىلادىدىن بۇرۇنقى 15 ـ ئەسىردە، نوبىيەنى بويسۇندۇرغان مىسىرلىقلار بۇ تاغنى «ئۇلۇغ تاغ» دەپ ئاتىغان. يېڭى كەلگەن ھۆكۈمران بۇ يەردە ناپاتا شەھرىنى قۇرۇپ تۆت ئەسىر مابەينىدە، بۇ شەھەر قەدىمكى مىسىر ئىمپېرىيەسىنىڭ ئافرىقا قىتئەسىگە تەۋە جەنۇبىي رايون چېگراسىنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. كېيىن مىسىرلىقلار نوبىيەدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، نوبىيەلىكلەر ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى ـــ كۇشنى قۇرۇش بىلەن بىللە ناپاتانى كۇش خانىدانلىقىنىڭ شىمالدىكى پايتەختى قىلغان ۋە شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش مەركىزى قىلىنغان، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ناپاتا شەھەر خارابىلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئارخېئولوگلار بۇ تاغنىڭ ئالدى تەرىپىگە سېلىنغان، نۇرغۇن بۇتخانا، ئوردا ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ سېلىنغانلىقىنى بايقىغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋە 80 ـ يىللاردا ئامېرىكا ئارخېئولوگلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەكشۈرۈپ خارابىلىكنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان.

19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، بەزى تەكشۈرگۈچىلەر باركال تېغىدىكى يالغۇز چوققىنى ئۇپراپ يېمىرىلگەن، بېشىغا ئىنتايىن چوڭ، ئۈستۈنكى مىسىر (ئۈستۈنكى مىسىر مىسىرنىڭ جەنۇبىي رايونىنى، تاكى سۇدان چېگراسىدىكى مىل دەريا ۋادىسىغىچە بولغان جاينى كۆرسىتىدۇ)نىڭ خان تاجىغا ئوخشاش شارسىمان تاج تاقىغان، تەگدىشى يوق غايەت چوڭ ھەيكەل دەپ ئىشەنگەن. 1941 ـ يىلغا كەلگەندە، بىر قىسىم زىيارەتچىلەر قوش كۆزلۈك دۇربۇن بىلەن تەپسىلىي كۆزىتىپ، تاغدىكى ئاراچ بولۇپ قالغان تاغ جىنس قاتلاملىرى ۋە تاغ چوققىسىغا يېقىن يەردىكى بەزىبىر قەدىمكى ئويما يېزىقلارنى كۆرگەن، ئادەتتە تاغنىڭ ئېگىز بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى كۆزگە تايىنىپلا تاغ چوققىسىغا ئويۇلغان خەتلەرنى ھەرگىز كۆرگىلى بولمايتتى. يەنە بىر سەۋەب، بۇ تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تاغ ئارىسىدا يەنە بىر چوڭقۇر تاغ جىلغىسىنىڭ توسۇۋالغانلىقىدىن بولغان.

1986 ـ يىلى، كەندال (Kendal) ئىسىملىك ئارخېئولوگ بۇ ئويما يېزىقلارنى كۆزىتىپ باقماقچى بولغان، ئەمما ئويۇلغان خەتلەر بەكلا ئۇپراپ كەتكەنلىكتىن پەرق ئېتىشكە ئامالسىز قالغان. بىراق ئۇ تاغ چوققىسىنى كۆرۈشكە بولىدىغان ئېگىز ۋە تىك يارنىڭ لېۋىگە رەتلىك جايلاشقان غارلارنى كۆرگەن. تاكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ غارنىڭ كۆزىگە سانجىلغان توقماقلارنىڭ ئۈستىدە قېپقالغان لاينىڭ ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

1987 ـ يىلى، كەندال باركال تېغىدىكى يالغۇز چوققىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى قارار قىلغان. ئۇ بىر تاغقا چىققۇچى بىلەن بىللە مىڭ تەسلىكتە بۇ تاغنىڭ 284 ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتىكى چوققىسىغا يامىشىپ چىققان، ئۇلار ئاخىر تاغ ئۈستىگە ئويۇلغان خەتنىڭ خان جەمەتىدىكى

ئىككى شەخسنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇ ئىككىسى يەنە تاغ ئۈستىدە ئالتۇن يالىتىلغان ئابىدىنىڭ قالدۇقىنى بايقىغان. بۇ، مىسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەشھۇر كۈش پادىشاھلىقىنىڭ فىرئەۋنى تاخاكاغا مەنسۇپ ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار تاغ چوققىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ تاغ چوققىسىنىڭ راستىنلا تەبىئىي ھاسىل بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئادەم كۈچى بىلەن ئويۇپ ياسالمىغانلىقىنى، ئەمما بۇ يالغۇز چوققىدا ھەقىقەتەن كۈش فىرئەۋنى تاخاكا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 690 - يىلدىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 664 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدىكى بىر ئىمارەتنىڭ خارابىسى ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن.

1989 - يىلى، باركال تېغىنى قېدىرىۋاتقاندا كەندالنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى باركال تېغىدىكى ئىبادەتخانا ۋە ئەلئىبھراملارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. ئۇلارنىڭ نىشانى يۇقىرى سۈپەتلىك، ئەڭ يېڭى خەرىتىنى سىزىپ چىقىش، شۇنداقلا پۈتۈن ماتېرىياللارنى كومپيۇتېرغا قاچىلاپ، ئېلېكترون مېڭىلىق ھەرىكەتچان ئۈچ ئۆلچەمدىكى تەقلىدىي سۈرەتكە ئېرىشىش ئىدى. ئۇنى ئىشلەتكەندە ئۇلار باركال تېغىدىكى نۇرغۇن ئىمارەتلەرنىڭ 2500 نەچچە يىل ئىلگىرىكى تاشقى قىياپىتىنى كۆرەلەيتتى.

چوڭقۇر تەكشۈرۈشتىن ئايان بولۇشىچە، باركال تېغى ئېتىكىدىكى پۈتۈن ئىبادەتخانىلارنىڭ ئالدى تەرىپى تاغ چوققىسىغا قارىتىپ سېلىنغان. بەزىلەرنىڭ پەرەز قىلىشىچە، باركال تېغىنىڭ چوققىسىغا ئۇدۇلدىن قارىغاندا، غادىيىپ تۇرغان بىر كۆزەينەكلىك يىلان تۇرغاندەك كۆرۈنەرمىش، يىلاننىڭ بېشىغا قاناتلىق يۇملاق تاۋاق شەكىلدىكى تاج ياكى ئۈستۈنكى مىسىرنىڭ ئەڭ ئالىي شارسىمان تاجىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. قەدىمكى كىشىلەر بەلكىم ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاشۇ چوققىغا مۇجەسسەملەپ، غايەت چوڭ يىلاننى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى كۈشلۈكلەر بىلەن مىسىرلىقلار ئۈچۈن پادىشاھ ھوقۇقىنىڭ ئەڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى مەردانە غادىيىپ تۇرغان كۆزەينەكلىك يىلاندۇر. پادىشاھلارنىڭ مەرتىۋە ھاسىسىدىمۇ مۇشۇنداق بەلگە بار. ئۇلار بۇ خىل بەلگىنى پادىشاھنىڭ ھوقۇقى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ھەممىسىنى ئامون ئىلاھىي بەرگەن، دەپ ئىشەنگەن. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، بەلكىم ئۇلار بۇ يېگانە تاغنى ئامون ئىلاھىنىڭ تۇرار جايى، دەپ قارىغان بولۇشى ھەم يەنە تاغ چوققىسىدىكى بۈيۈك خان تاجى بولۇپلا قالماستىن بەلكى خانلىق ھوقۇقىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بەزى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، بۈگۈنكى كۈندىمۇ باركال تېغى ئاۋۋالقىدەكلا كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىش بىلەن بىللە شۇنداق سوئال قويىدۇ: نېمە ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا باركال تېغى ئېتىكىگە سېلىنغان ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدى تاغ تەرەپكە قارىتىلغان؟ قەدىمكى نوبىيەلىكلەر نېمە ئۈچۈن ئابىدە تاش بىلەن ئىبادەتخانىنى بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە سالغاندۇ؟ ھازىرقى كىشىلەرمۇ ناھايىتى تەستە يامىشىپ چىقىدىغان بۇ تاغدا ئۇلار قانداق قىلىپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بارالىغان؟ مانا بۇ يېشىلمىگەن بىر سىر.

«دۇنيا مىراسلىرى» كىتابىدىن

**مېھرىگۈل قادىر** تەرجىمىسى

(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010 - يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن - يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى ئات، ئات جابدۇقلىرى ۋە ئات كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئائىت ئاتالغۇلارغا ئىزاھات

مامۇت قۇربان

بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنمۇ ئات جابدۇقلىرى ھازىرقىدەك بولغان بولغىيمىدى؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلەيدىغان بىردىنبىر كىتاب «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يازما ماتېرىيال يوق. بۇ كىتاب بىزگە 1000 يىلدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتچىلىق مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتتىن باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭمۇ رولىدىن خەۋەر بەرگەن، شۇ زامانلاردىكى ئات - ئۇلاق جابدۇقلىرىنىڭ نامىنىڭ ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قېلىشى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىمىزنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ نامايەندىسى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا ئات ھەققىدە كۆپ توختالغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئاتلارنى بىر - بىرىدىن رەڭگى، خۇلقى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر ئىدى.

**1. «دىۋان» دا خاتىرىلەنگەن ئات خىللىرى**

«ئازما يىلقى» (1 - توم، 175 - بەت) ـ قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قويۇپ بېرىلگەن يىلقا. «ئاق ئات» (1 - توم، 110 - بەت) ـ ئاق بوز ئات، ئوغۇزلاردىن باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ئاق بوز ئاتنى «ئاق ئات» دەپ ئاتايتتى؛ «ئالا ئات» (1 - توم، 111 - بەت) ـ ئالىچىپار ئات؛ «ئاق باش ئات» (1 - توم، 628 - بەت) ـ ئاقباش يىلقا؛ «بويمۇل ئات» (3 - توم، 242 - بەت) ـ بويىندا ئېقى بار ئات؛ «قاشقا ئات» (1 - توم، 555 - بەت) ـ يۈزى ئاق ئات. كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى قارا ئات، بۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى پەچەلى ئات؛ «ئارقۇن» (1 - توم، 146 - بەت) ـ ئارغۇن، شالغۇت، ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن

تۇغۇلغان ئات. ئاپتورنىڭ دېيىشىچە بەيگىدە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئاتلار ئۈزۈپ چىقىدۇ؛ «ئەرىك ئات» (1 - توم، 95 - بەت) - يورغا ئات، ئۇزاق ۋە تېز يۈرەلەيدىغان ئات، ئاپتورنىڭ دېيىشىچە، بۇ سۆزنى ئوغۇزلار بىلمەيدۇ؛ «يۈگۈرۈك ئات» (3 - توم، 60 - بەت) - بەيگىدە ئۈزۈپ چىقىدىغان ئات؛ بەچەل ئات — پېچۋېتىلگەن ئات (1 - توم، 510 - بەت)؛ «بوز ئات» (3 - توم، 169 - بەت) - رەڭگى بوز، يەنى رەڭگى ئاق بىلەن سېرىق ئوتتۇرىسىدىكى ئات؛ «بۇل ئات» (1 - توم، 437 - بەت) - ئاق پاچاق ئات، قاشقىسى بار ئات؛ «بۇگرۇل ئات» (1 - توم، 628 - بەت) - ئىككى بىقىنى ئاق ئات؛ «بۇلاق ئات» (1 - توم، 492 - بەت) - بويىنى قىسقا، ئۇچىسى كەڭ ئات؛ «بۆكتەل ئات» (3 - توم، 628 - بەت) - ساغرىسى كەڭ، ئولتۇرۇشقا ئەپلىك ئات؛ «بۇل ئات» (1 - توم، 437 - بەت) - ئاق پاچاق ئات، قاشقىسى بار ئات؛ «چىلگۇ ئات» (1 - توم، 560 - بەت) - شىرغا ئات؛ «ئىقلاچ ئات» (1 - توم، 187 - بەت) - چىرايلىق، شوخ، يۈگۈرۈك ئات؛ «ئىگىش ئات» - شاش ئات (1 - توم، 165 - بەت)؛ «كەۋەل ئات» (1 - توم، 513 - بەت) - يورغا ئات؛ «ئارغىماق ئات» (2 - توم، 187 - بەت) - يۈگۈرۈك ئات؛ «مۇندۇز يورغا ئات» (1 - توم، 598 - بەت) - يورغىلاشتىن باشقا يۈرۈشى بولمىغان ئات؛ «قىر ئات» (1 - توم، 425 - بەت) - بوز ئات؛ «قىزغۇل ئات» (1 - توم، 629 - بەت) - بوز بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدا بولغان، بىر خىل رەڭلىك ئات، يەنى بۇرۇل ئات؛ «قوشئات» (3 - توم، 174بەت) - خانىنىڭ يېنىدا ماڭىدىغان يېتەك ئات؛ «قۇبا ئات» - قوڭۇر قۇلا ئات، رەڭگى سېرىق بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات (3 - توم، 299 - بەت)؛ «قۇلا ئات» (3 - توم، 321 - بەت) - قۇلا ئات يەنى ئاچ قوڭۇر ئات؛ «ئۇلدۇق ئات» - تاقىسىز ئات (1 - توم 136 - بەت)؛ «ئۆي ئات» (1 - توم، 59 - بەت) - قارا تۇرۇق ئات؛ «ئور ئات» (1 - توم، 63 - بەت) - ئۇرۇل ئات، رەڭگى توق قىزىل بىلەن سېرىق ئوتتۇرىسىدىكى ئات؛ «ئۇزۇق ئات» (1 - توم، 90 - بەت) - ئۇزار ئات، بەيگە ۋە باشقا ئىشلاردا، باشقا ئاتلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئات؛ «ئۆگ ئات» (1 توم، 67 - بەت) - تۆت ياشتىن ئاشقان ئات؛ «ئۆكۈش يىلقى» (1 - توم، 84 - بەت) - توسۇن هايۋان، ئىشقا يارىماس ئات؛ «سەڭرەگۇ ئات» (3 - توم، 528 - بەت) - ماڭقا كېسىلى بار ئات، ئۇنىڭ بۇرنىدىن يىرىڭدەك ماڭقا ئېقىپ تۇرىدۇ؛ «سىل ئات» (3 - توم، 1845 - بەت) - سۇلەي ئات، يەمنى ئاز يەيدىغان ئات؛ «تاز ئات» - چىپار ئات (3 - توم، 202 - بەت)؛ «تىغ ئات» (3 - توم، 176 - بەت) - رەڭگى قارا قىزىل بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات؛ «تۇرۇغ ئات» - قىزىل ئات (1 - توم، 484 - بەت)؛ «قاشقا ئات» (3 - توم، 173 - بەت) - قاشقىسى كۆزىگىچە يەتكەن، قۇلاقلىرىغا يەتمىگەن، بۇرنىغىمۇ سوزۇلۇپ چۈشمىگەن ئات؛ «تۇرلاق ئات» (1 - توم، 611 - بەت) - ئاجىز، ئورۇق ئات؛ «تۆكۈز ئات» - پېشانىسىدە تەڭگىدەك ئېقى بار ئات (1 - توم، 473 - بەت)، «توم قارا ئات» (1 - توم، 440 - بەت) - توم قارا، توق قارا ئات؛ «توم تۇرۇغ ئات» (1 - توم، 440 - بەت) - هەممە يېرى توق قارا ئات؛ «ئۇغۇر ئات»، قاشقا ئات (1 - توم، 74 - بەت)؛ «ئاق پاچاق ئات» (1 - توم، 437 - بەت) - ئاق قاشقىسى بار ئات؛ «يابىتاق ئات» - ئۈستىدە ئىگەر - توقۇم بولمىغان ياۋداق ئات (3 - توم، 64 - بەت)؛ «ياغىز ئات»، رەڭگى قىزىل بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدىكى ئات؛ يازىغلىغ ئات - يېشىكلىك ئات، باغلاپ قويۇلمىغان ئات (3 - توم، 66 - بەت).

## 2. ئات جابدۇقلىرى

11 - ئەسىردە ئات ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ، كىشىلەر ئاتنى تاقلاپ، «ئېگەرلەپ» (1 - توم، 394 - بەت) ئېغىزىغا «ئېغىزدۇرۇق» (3 - توم، 196 - بەت) يۈگەن سېلىپ مىنەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئات - ئۇلاق» (1 - توم، 463 - بەت) «تاقىسىز ئات» (1 - توم، 136 - بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئاتلار تاقىلىنىپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئېنىق. ئاتقا ئاساسەن «بېدە - yoriqu» (3 - توم، 512 - بەت)، «ئارپا - arpa» (1 - توم، 167 - بەت) بېرىلەتتى. «دىۋان»دا ئاتنىڭ ئارپا يەۋاتقانلىقىدىكى هالىتىنى تەسۋىرلەپ «ئات ئارپىنى كۇرت - كۇرت قىلىپ يېدى» (1 - توم، 447 - بەت)، «ئات ئارپىلىق بولدى»، (1 - توم، 390 - بەت) دەپ يېزىش بىلەن بىللە مۇنداق بىر ماقالىنى بەرگەن: «ئارپىسىز ئات قىردىن ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس»،

بىرسىگە ئاتقا ئوت بېرىش ھەققىدە تاپىلاپ: «ئاتقا ئوت بەرگىن»، (1 ـ توم، 48 ـ بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئاتقا ئوبدان قاراش لازىملىقىنى، يەنە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ھازىرغىچە «ئات ئوغۇل بالىنىڭ قانىتى» دېگەن سۆز ساقلىنىپ قالغان.

«دىۋان»دا «يامان دەپ ھېسابلىنغان ئات» (3 ـ توم، 157 ـ بەت)نى ئىشلەتكەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا نوختا سالاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «نوختىلىق ئات» (3 ـ توم، 65 ـ بەت) دەپ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، ئاتنى نوختىلاپ ئاندىن ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا ئات نوختىسى ھەققىدە شۇنچە كۆپ توختالغانكى، ھەتتا نوختىدىكى «ساقالدۇرۇق» (1 ـ توم، 686 ـ بەت) — «ئېڭەك باغ»لارنى ئۇنتۇپ قالمىغان. بىز بۇنىڭدىن ئات نوختىسى ئەينى ۋاقىتتا خۇددى ھازىرقىدەكلا ئات ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. نوختىدا خۇددى ھازىرقىدەك «ئېغىزدۇرۇق» (3 ـ توم، 196 ـ بەت) «يۈگەن» بولاتتى، ئېغىزدۇرۇق ھازىرقىدەك تۆمۈردىن سوقۇلاتتى. ئاتنى مىنگەن ۋاقىتتا خۇددى ھازىرقىدەك ئالدى بىلەن ئاتنىڭ نوختىسىنى سېلىپ، ئاندىن ئېغىزىغا «يۈگەن» سېلىپ مىنەتتى. ئاتنىڭ يۈگىنى چوڭ ـ كىچىك ئىككى خىل بولاتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «كىچىك يۈگەن» (3 ـ توم، 224 ـ بەت) دەپ يېزىشى دەل بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئات ئەقىللىق، شاش، جەڭگىۋار ھايۋان. ئۇ 11 ـ ئەسىردە مۇھىم قاتناش قورالى بولۇپلا قالماي، يەنە دېھقانچىلىقتىمۇ ئىشلىتىلىدىغان ھايۋان. شۇڭا ئادەملەر كۆپىنچە ياخشىراق ئاتقا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىشقاچقا، مەھمۇد كاشغەرىي «ئادەمنىڭ زور ئاتقا ئىگە بولغۇسى كەلدى» (1 ـ توم، 398 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. ئادەتتە ئاتنى ئىشلەتكەندە تاقىلاپ نوختىلاپ، ئېگەرلەپ، «تۆشلۈك» (1 ـ توم، 525 ـ بەت) يەنى تۆشباغ تارتىپ ئىشلەتەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «نوختىلاندى» (3 ـ توم، 157 ـ بەت)، دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئات نوختىلاندى»، دەپ يازسا، نوختا سېلىنغان ئاتنى بولسا «نوختىلىق ئات» (3 ـ توم، 65 ـ بەت)، دەپ يازىدۇ. ئۇ ئات نوختىسىدىكى «ھالقا» (3 ـ توم، 506 ـ بەت) ھەققىدە توختىلىپ: «يۈگەندە بولىدىغان بىر خىل ھالقا، ئۇ ئات قۇلىقىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. ئاتنىڭ بېشى ۋە پېشانىسىدىن ئۆتكەن قېيىشلار شۇنىڭغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. بۇنى يۈگەن تۈڭگىسى دەيدۇ» دەپ ئىزاھلىغان. ئۇ يەنە ئات نوختىسىدا باش باغمۇ بولىدىغانلىقىنى، «باشباغ» (1 ـ توم، 60 ـ بەت) دېگەن سۆزنى «ئات ـ ئۇلاقنىڭ باشبېغى، ئات چۇشىگى» دەپ ئىزاھلىغان. بۇ ئىسىم ھازىرغىچە شۇ پېتى ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى مەدەنىيەتلىرىمىزنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ نامايەندىسى. «دىۋان»دا «كۆبەن» (1 ـ توم، 525 ـ بەت) دېگەن سۆزنى «تۆگە چومى، ئاتنىڭ ئېگەر ـ توقۇمى قاتارلىق ئات ـ ئۇلاق جابدۇقلىرى» دەپ ئىزاھلىغان، «ياۋداق» (3 ـ توم، 64 ـ بەت) دېگەن سۆز ھەققىدە توختىلىپ: «ياۋداق ئات، ئۇ ئاتنى ياۋداق مىندى» دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئاتنى ياۋداق مىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى مەلۇم.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئېگەرلىدى» (1 ـ توم، 394 ـ بەت) دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئادەم ئات ئېگەرلىدى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»، دەپ ئىزاھلىغان، ئەينى ۋاقىتتىمۇ خۇددى ھازىرقىدەك ئاتنى ئېگەرلىگەن ۋاقىتتا، ئالدى بىلەن ئاتقا «ئىچلىك» (1 ـ توم، 142 ـ بەت) سالاتتى. ئۇ «دىۋان»غا «ئىچلىك بولسا ئات يېغىر بولماس» دېگەن تەمسىلنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئات ئېگەرلىگەندە ئېگەر ئاستىغا چوقۇم ئىچلىك قويۇش لازىملىقىنى ئەسكەرتكەن. ئەينى ۋاقىتتىمۇ خۇددى ھازىرقىدەك ئاتنى جابدۇغاندا ئېگەرنىڭ تەگتىگە توقۇم «ئىچلىك» (1 ـ توم، 138 ـ بەت) ـ تەرلىك سېلىنىدىغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتا «ئېگەر ئاستىغا قويۇلىدىغان كىگىز» (1 ـ توم، 144 ـ بەت) ـ «جەزلى»نىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

ئاتنى مىنگەن ۋاقىتتا، خۇددى ھازىرقىدەك ئۇنى نوختىلاپ، يۈگەنلەپ، ئېگەرلەپ، «قوشقۇن» (1 ـ توم، 673 ـ بەت) سېلىپ مىنەتتى. «ئىگەر يۇپۇغى» (1 ـ توم، 567 ـ بەت)، «كاشا» (1 ـ توم، 619 ـ بەت) ياكى «ئەنلىك تاسما» (1 ـ توم، 146 ـ بەت) بىلەن ئېگەرنى چىڭ تارتىپ، ئۈزەڭگە سېلىپ مىنەتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئۈزەڭگە باغ» (1 ـ توم، 619 ـ بەت)، دەپ

يازغانلىرىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇزەڭگە بېغى ئايرىم بولسا كېرەك. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دا «تۆلۇن» (1 ـ توم، 522 ـ بەت) دېگەن سۆزنى «يۈگەننىڭ ئۇلى، سول چىكەكلىرىدىكى نەرسىلەر» (1 ـ توم، 522 ـ بەت) دەپ ئىزاھلىغان، بۇ ئاتالغۇلار 1000 يىلدىن بېرى شۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دا «ئەل» (1 ـ توم، 67 ـ بەت) دېگەن سۆزنى ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى «ئات تۆركلەرنىڭ قانتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ئەل دەپمۇ ئاتايدۇ، ئات باقارنى ئەل باشى، دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن، بۇ ۋىلايەت باشلىقى، دېگەن سۆز بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ئات باقار، دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ»، دەپ چۈشەندۈرگەن. مەھمۇد كاشغەرىي يازغان ئاتنىڭ «تىزگىن» (1 ـ توم، 577 ـ بەت)نى ھازىرمۇ شۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە. «دىۋان»دا يەنە «تۇياق» (3 ـ توم، 227 ـ بەت) دېگەن سۆزنى، «ھايۋاننىڭ تۇيىقى، ئات تۇيىقى» دەپ ئىزاھلاپ، ئاتنىڭ ئىگىشىپ، داۋان ياكى قۇملۇقتا ماڭالمايدىغانلىقنى «تېشىرقىدى»، (1 ـ توم، 354 ـ بەت) «كۆمۈلدى، پاتتى»، دەپ يېزىش ئارقىلىق، پۇت ياكى ئاياغنىڭ قۇمغا پاتقاندا تېشىرقايدىغانلىقنى، بەزىدە ئات سۈرئىتى ئاستىلاپ قالسا ئاتنى قامچىلاپمۇ قويىدىغانلىقنى ئەسكەرتىپ، «ئۇ ئېتنى قامچىلىدى» (3 ـ توم، 481 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. ئات شاش، چېۋەر ھايۋان بولغاچقا، ئادەم قېشىغا كەلسە قۇلىقىنى يوپۇرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «يۇپۇردى» (2 ـ توم، 516 ـ بەت) دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئات قۇلىقىنى يوپۇردى» دەپ يېزىپ، «ئات بېرەر نەرسىنى تەپكەندە ياكى بىرەر نەرسىدىن قورققاندا شۇنداق قىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن. بەزىدە ئات باغلاقتا ئۇزاق تۇرۇپ قالسا ياكى كاڭتىرىدلىپ قالسا ئىچى پۇشۇپ، ئالدى پۇتى بىلەن يەرنى تاتىلىغانلىقتىن «ئات يەرنى تاتىلىدى» (3 ـ توم، 360 ـ بەت) دەپ يازغان.

ئېگەر زادى قانداق ياغاچتىن ياسالغان بولغىيدى؟

گەرچە «دىۋان»دا بۇ ھەقتە بىز قانائەتلەنگۈدەك بىرەر سۆز ئۇچراتمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى خېلى بۇرۇنلا ئېگەرنى خوددى ھازىرقىدەكلا قېيىن، ياڭاق، ئۈرۈك، ھاڭگاتېرەك (ئاق تېرەك)لەردە ياساشتىن باشقا، كۆمۈشتىن قۇيۇپمۇ ياسايدىغانلىقنى ئىسپاتلىدى. «دىۋان»دا «ئېگەر كۆكلىدى» (3 ـ توم، 411 ـ بەت) دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا، ئېگەر ياساشتا ئالدى ئېگەر قىلىنىدىغان ياغاچنى ئويۇپ، ئالدى قاش، كەينى قاشلىرىنى ئېگەر قورسىقىغا كىرىشتۈرۈپ، يەملەپ، ياغاچ مىخ بىلەن قاداپ، ئاندىن قىرىم ياكى كۆن بىلەن كۆكلەپ، ئاندىن پەردازلاپ ياسايتتى.

ئات ياكى كالىنى ھارۋىغا قاتقاندىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا كۆرپىچەك سېلىپ، ئۈستىگە كىچىك ئېگەر ـ لىڭگەچاق قويۇپ، ئاندىن ھارۋا شوتىسىنىڭ تاسمىسى لىڭگەچاق ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ئات بويىنىغا ئالدى بىلەن كۆن بۇغا (ئىچىگە يېكەن تىقىپ ياسالغان كۆن بۇغا)نى سېلىپ، بۇغۇچىنى چىگىپ، سىرتىغا جاۋەن (ياغاچ بۇغا) كىيدۈرۈپ، ياغاچ بوغىنىڭ تاسمىسى ھارۋا شوتىسىنىڭ تۇتقۇسى يەنى قۇلىقىغا كىيدۈرۈلىدۇ. ئەگەر كالىنى قوش ياكى ھارۋىغا قاتماقچى بولسا، كالىنىڭ بويىنىغا «سىياچىك» سېلىنىدۇ. سىياچىك كالا بويىنىنى يالاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەگمىسىگە كىگىز يۆگەپ قويۇلىدۇ. سىياچىكنىڭ ئىككى چوكىسىنىڭ يىپلىرى چىگىلىپ، ئىككى تەرىپىدىكى تاسمىلار ھارۋا شوتىسىنىڭ تۇتقۇسىغا كىيدۈرۈلىدۇ.

ئات ئۇزۇن سەپەردە ياكى تېز يۈرگەندە ئاسانلا قىزىپ كېتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا گەرچە «ئات مېڭىپ قىزىپ كەتتى» (1 ـ توم، 391 ـ بەت)، «ئات چىلىق تەرگە چۆمدى» (2 ـ توم، 212 ـ بەت) دەپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئاتنى سوۋۇتۇش ھەققىدە ئۇچۇق بىر نېمە دېمىگەن. ئەمما ئات باقار بۇنداق ئاتنى كامىدا بىر سائەت يېتىلەپ سوۋۇتاتتى.① ئاندىن قاڭتىرىپ قويۇپ، بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن سۇ بېرەتتى. مۇنداق قىلغاندا ئاتنىڭ پۇتى ۋە گەجگىسىگە سۇ چۈشۈۋېلىپ يېغىر بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى. مەيلى كالا ياكى تۆگە، ئېشەك، قېچىر بولسۇن سەپەردىن كېلىشى بىلەن سۇ بەرمەسلىكنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ گەجگىسى ياكى پۇتىدا، ئىششىق پەيدا بولۇپ، يېغىر بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئىدى. ئۇنىڭ «ئات سۇغۇرۇش» (2 ـ توم، 373 ـ بەت) ھەققىدە توختالغىنىدىن

M I R A S

قارىغاندا، ئاتنى سۇغۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئكەنلكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

**3. ئات كېسەللىكلىرى ۋە داۋالاش**

ئات ئۇزۇن يوللارغا كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكى، يۈك ئارتىلغانلىقى سەۋەبىدىن ھەر خىل كېسەللەردىن بولۇپمۇ يېغىر بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەس ئىدى. ئەگەر ئات ئاغرىپ قالسا «ئات كېسەل بولدى»، (1 ـ توم، 411 ـ بەت) دەپ ئاتىشاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئۇ ئاتنىڭ يېغىرىنى داۋالىدى» (3 ـ توم، 468 ـ بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئېتى بارلا ئادەم يېغىر بولۇپ قالغان ئاتلارنى داۋالاشنى بىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇرۇشلاردىمۇ ئاتنىڭ رولى چوڭ ئىدى. شۇڭا ئاتنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇش بىلەن بىللە، ئاتلارنى جەڭگىۋار ھالەتتە ساقلاش ئۈچۈن، ئادەتتە ئاتلاردا بولىدىغان ھەر خىل كېسەللەرنى داۋالاشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلارغا چىقىدىغان بەزى جاراھەتلەرنى خۇددى ئادەملەرگە چىققان جاراھەتلەرنى داغلاپ ساقايتقانغا ئوخشاش داغلاپ ساقايتاتتى. 11 ـ ئەسىردە مال دوختۇرلىرى بولغان ـ بولمىغانلىقى ھەققىدە بىرەر چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان بولساقمۇ، لېكىن «تېۋىپ ـ otaqi» (1 ـ توم، 49 ـ بەت) ئات داۋالاشنى بىلەتتى، ئۇزۇن ئىشلەتكەن ئاتنىڭ گەجگىسىنىڭ يېغىر بولۇشنى «گەجگىسى يېغىر ئات» (1 ـ توم، 640 ـ بەت) دېسە، ئاتلاردا بولىدىغان بەز يېرىلىش بىلەن ساقىيىدىغان بەز كېسىلى «ئەتىلكەن» (1 ـ توم، 214 ـ بەت) دەپ ئاتىشاتتى.

ئادەتتە ئاتنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا ئاتقا «ئەندىز» (1 ـ توم، 156 ـ بەت) دېيىلىدىغان بىر خىل يىلتىز بېرىلەتتى. «دىۋان»دا 11 ـ ئەسىردە خەلق ئىچىدە ساقلانغان «ئەندىز بولسا، ئات ئۆلمەس. چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزىنى يانجىپ كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا، ئات ساقىيىدۇ» دەپ يازغان. ئات يەنە باشقا كېسەللەردىنمۇ خالىي بولالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئاتتىن قان ئېلىش ئارقىلىق ئاتنى داۋالاپ تۇراتتى. شۇ زامانلاردا كىشىلەر ئاتلىرىنى چەكتۇرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «چەكتۇردى»، (2 ـ توم، 258 ـ بەت)، دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «ئۇ ئېتىدىن قان ئالدى» (3 ـ توم، 357 ـ بەت) دەپ يېزىش ئارقىلىق ئاتنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرغان. شىنجاڭغا 1902 ـ يىلىدىن 1926 ـ يىللىرىغىچە تۆت قېتىم كەلگەن گېرمانىيەلىك ئالبېرت فون لېكوك ئەينى ۋاقىتتا ئات تۇياق كېسىلى بولۇپ قالغان ۋاقىتدا، ئاتنى چەكتۇرۇپ قۇلىقىغا «پىت» (1 ـ توم، 420 ـ بەت) سىلىپ داۋالايدىغان ۋە يېغىرىغا كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈكىنى سۈركەيدىغان ئۇسۇللارمۇ بارلىقىنى كۆرگەن②. بۇ ئۇسۇللار 1980 ـ يىللارغىچە داۋاملاشقانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئات كۆكسىگە چىقىدىغان چىقان «چىلدەك»، (1 ـ توم، 623 ـ بەت) تىن «سېرىق سۇ بىلەن يىرىڭ ئاقىدۇ، داغلىسا ساقىيىدۇ» دەپ يازغان. بۇنداق جاراھەتلەرنى ئەينى ۋاقىتتا سۆگەت ياكى يۇلغۇن تېلىنى ئوتتا پۇچۇلاپ، داغلاپمۇ ساقايتاتتى. ئاتنى يىلان چېقىۋېلىش، توڭگۇز ئاتنى يارىلاندۇرىدىغان ئەھۋاللار داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرغاچقا، «ئاتنى يىلان چاقتى»، (2 ـ توم، 27 ـ بەت)، «توڭگۇز ئاتنى يارىلاندۇردى»، (1 ـ توم، 399 ـ بەت) دەپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن يىلان چېقىۋالغان ئاتنى قانداق داۋالاش ھەققىدە «دىۋاندىن ئېنىق چۈشەنچىگە كەلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا ئاتنى ئاختا قىلىش ھەققىدە شۇنچە كۆپ توختالغىنىدىن قارىغاندىمۇ ئاختا قىلىش 11 ـ ئەسىردە ھايۋانلارنى ئاختا قىلىشتىن تارتىپ ئوردىدىكى كېنىزەكلەرگىچە ئاختا قىلىش مەۋجۇت ئىدى. ئات، كالا، قويلارنى ئاختا قىلىشنى چارۋىچىلار بىلىپلا قالماي، دېھقانلارمۇ بىلەتتى. ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي پىچىۋېتىلگەن دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «پىچىپ تاشلانغان ئات» (1 ـ توم، 510 ـ بەت). «ئۇقوزنى پىچتى»، (1 ـ توم، 399 ـ بەت) دېگەن سۆزلەرنى يازغان. 11 ـ ئەسىردە ئاختا قىلىنغان ئادەمنى «پىچىۋېتىلگەن» (1 ـ توم، 492 ـ بەت)، ئاختا دەيدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر بەرگەن. لېكىن ئادەمنى ئاختا قىلغاندا، قايسى ئۇسۇلنى قوللانغان بولغىيدى؟ بۇ ھەقتە «دىۋان»دا بىرەر سۆزنى ئۇچراتمىدۇق.

ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئاغرىپ قالغان ئاتنى داۋالاش ئۈچۈن ئاتتىن قان ئالاتتى. «دىۋان»نىڭ بىر يېرىدە ئاتتىن قان ئالغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ ئېتىدىن

قان ئالدى»، (3 ـ توم، 357 ـ بەت) دەپ يازغان بولسا، يەنە بىر يېرىدە تۇياق كېسىلى ۋە باشقا كېسەللەر تۈپەيلىدىن بولىدىغان كېسەللەرنى داۋالاشتىمۇ ئاتنى چەكتۈرىدىغانلىقى، ئېتىدىن قان ئالىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ ئېتىنى چەكتۈردى، ئېتىدىن قان ئالدى» (2 ـ توم، 258 ـ بەت) دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. خۇددى ھازىرقىدەك ئاتنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالىدىغان ئەھۋاللار داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇراتتى. «دىۋان»دا مەھمۇد كاشغەرىي «ئەندىز» (1 ـ توم، 156 ـ بەت) ھەققىدە توختىلىپ: «يەردىن قېزىۋېلىنىپ، ئاتنىڭ قورساق ئاغرىقىغا دورا قىلىنىدىغان بىر خىل يىلتىز» دەپ چۈشەندۈرۈش بىلەن بىللە «ئەندىز بولسا ئات ئۆلمەس، چۈنكى بۇ يىلتىزنى يانجىپ، كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا ئات ساقىيىدۇ» دەپ يېزىش ئارقىلىق، يولۇچىنىڭ سەپەرگە ئوبدان تەييارلىق كۆرۈشىنىڭ لازىملىقىنى، ئەندىزنىڭ قورساق ئاغرىقىنى داۋالاشنىڭ ياخشى دورىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتلاردا بولىدىغان، بەز يېرىلىش بىلەن ساقىيىدىغان بىر خىل كېسەل «ئەتلىكەن» (1 ـ توم، 214 ـ بەت)، ئات كۆكسىگە چىقىپ سېرىق سۇ بىلەن يىرىڭ ئاقىدىغان «چىلدەك»، (1 ـ توم، 623 ـ بەت)، چىقانلارنى ئېغىز ئالدۇرۇپ داۋالاش ھەققىدە توختىلىپ: «داغلىدى» (2 ـ توم، 361 ـ بەت) دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئۇ يارىسىنى ئوت بىلەن داغلىدى»، (3 ـ توم، 412 ـ بەت) دەپ مەلۇمات بەرگەن. 11 ـ ئەسىردە كىشىلەر جاراھەت ئېغىزىنى قىزىق تۆمۈر، سۆگەت، يۇلغۇن تاللىرىنى ئوتتا پۇچىلاپ داغلاش ئېلىپ باراتتى.

يەنە ئاتلارنىڭ گەجگىسى يېغىر بولۇپ قالىدىغان (1 ـ توم، 623 ـ بەت) ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. بۇنداق كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئاتلارنى ئات ئىگىلىرى خۇددى ئادەملەرنى داۋالىغانغا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن داۋالايتتى. «دىۋان»دا «ئاتنى چەكتۈرۈش» (2 ـ توم، 27 ـ بەت) ھەققىدە شۇنچە كۆپ توختالغىنىدىن قارىغاندا، ئات كېسىلىنى داۋالاش ئالدىنقى شەرت ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ پېشانىسىدىن قان ئېلىش، تىلى ئاستىدىن قان ئېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئات ئەتىۋارلىق قاتناش قورالى ئىدى. كىشىلەر ئاتنى لاپقۇتلىشاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «ئۇ مىنىڭ ئېتىمنى يېغىرلىدى» (2 ـ توم، 516 ـ بەت) دېگەن سۆزنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئاتنى بىرسىگە ئىشلەتكىلى بەرگەندىمۇ يېغىر قىلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

گېرمانىيەلىك ئالبېرت. فون لېكوك بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل ئىلگىرى دىيارىمىزغا قىلغان سەپىرىدىكى «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 146 ـ، 180 ـ بەتلىرىدە، ئات داۋالاش ھەققىدە توختىلىپ «جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنىڭ ئات بېقىش تېخنىكىسى يېزىدىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، ھەر بىر ئۆتەڭگە بارغاندىن كېيىن ئاتنى يېتىلەپ سۇۋۇتىدىكەن، ئات ھېرىپ ماڭالماي قالسا، ئاتنىڭ بۇرنىدىن بىر پارچە كۆمۈرچەك ئېلىۋېتىدىكەن»، «ئاتنىڭ تۇيۇقىغا تاش كىرىۋېلىپ ئاقساپ قالسا، تۇيۇقىدىكى تاشنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئاتنىڭ قولىقىغا ئىككى پىت سېلىپ قويىدى، ئات ئاقسىمىدى» ھەمدە «ئات يېغىر بولۇپ قالسا، يەرلىك كىشىلەر ئات دۈمبىسىدىكى يېغىرغا يەتتە ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىنى سۈركەيدىكەن» دەپ مەلۇمات بەرگەن. ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى «ئات قامچىسى» (1 ـ توم، 545 ـ بەت)دىن دورا ياساپ ئەرلىك ئاجىزلىق كېسەللىرىنى داۋالاپ كەلگەن.

11 ـ ئەسىردىمۇ خۇددى ھازىرقىدەكلا ئاتنىڭ ئىچكى ئەزالىرى يېيىلەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «قېزا» (1 ـ توم، 629 ـ بەت) دېگەن سۆزدىن چىقىپ «يىلقىنىڭ قېزىسى ياغدۇر»، (3 ـ توم، 309 ـ بەت)، «تۈركلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ياغ مۇشۇ» دەيدۇ، ھەممە تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ يېلىنىمۇ ئوخشاشلا «يېلىن»، (3 ـ توم، 28 ـ بەت) دېيىلەتتى. بايتالنىڭ بوغاز بولغىنىنى خۇددى ھازىرقىدەك «بوغاز بايتال»، (1 ـ توم، 639 ـ بەت) دەپ ئاتايتتى.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**

(1) ئالبېرت فون لېكوك [گېرمانىيە] «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 146 ـ بەت (ئۇيغۇرچە).

(2) يۇقىرىدىكى كىتاب، 180 ـ بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكولتېتىدا)



# ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى

ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل ۋە رەڭگارەڭ بولۇپ، تارىخى ئۇزاق، مىللىي خاسلىقى روشەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار كىيىم-كېچەك تىكىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى تىككۈچى، كىيىم-كېچەك تىكىش ئىشى ۋە كەسپىنى تىككۈچىلىك دەپ ئاتىغان. ھەرخىل يازما ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىنى تاش كىيىم ۋە ئىچ كىيىم دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە، كىيگۈچىنىڭ جىنس پەرقىگە قاراپ ئەرەنچە كىيىم ۋە ئايالچە كىيىم دەپ ئىككى تۈرگە، كىيگۈچىنىڭ پائالىيەت ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئۆيئىچلىك كىيىم، تالالىق كىيىم، ئەمگەك كىيىمى، كەسپىي كىيىم ۋە مۇراسىم كىيىمى دەپ بەش تۈرگە ئىشلىتىلگەن ئەشيا تۈرىگە قاراپ، تېرە كىيىم، يۇڭ كىيىم، تۆۋىت كىيىم، يىپەك كىيىم ۋە پاختا كىيىم دەپ بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

مەن بۇ ماقالەمدە ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ئەشيا تۈرى بولغان تېرە، يۇڭ، پاختا، يىپەك ۋە تۆۋىت توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن. تېرە — تېرە مۇسكۇلنى ئوراپ تۇرغۇچى تەن سىرتىدىكى توقۇلما بولۇپ، ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ تېرىسى تېرىنىڭ سىرتقى قەۋىتى، ھەقىقىي تېرە ۋە تېرە ئاستى توقۇلمىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قەۋەتتىن تەركىب تاپىدۇ. تېرىنىڭ ئەلتېرە، كۆرپە، سانسان تېرە، ياغاق تېرە دېگەن تۈرلىرى بولۇپ، تۈرلۈك كىيىملەرنى تىكىش ئېھتىياجى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ ھەم بۇ خىل

ماتېرىياللاردىن تەييارلانغان كىيىملەرنىڭ نامى كىيىمگە ئىشلەتكەن ماتېرىيالنىڭ نامى بىلەن قوشۇلۇپ ئەلتېرە تۇماق، سانسان جۇۋا، ياغاق شالۋۇر، كۆرپە تۇماق دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

يۇڭ-قوي، ئۆچكە ۋە تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن قىرقىۋېلىنىدىغان مەھسۇلاتتىن ئىبارەت بولۇپ، كۈزەم يۇڭ (كۈزدە قىرقىلغان قوي يۇڭى)، چاۋىغا يۇڭ (يازدا قىرقىلغان قوي يۇڭى)، بۇدان يۇڭ (ھەددىدىن زىيادە ئۆسۈپ كىرىشىپ چىگىشلىشىپ كەتكەن قوي يۇڭىنى كۆرسىتىدۇ)، چۇپۇر (ئۆچكىنىڭ يىرىك يۇڭى)، قىلچىق (ھايۋانلار تېنىدىكى ئۇزۇن ۋە قاتتىق تۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ)، تىۋىت (ھايۋانلار تېنىنىڭ سىرتىغا ئۈنگەن قىسقا ھەم يۇمشاق تۈكنى كۆرسىتىدۇ) ۋە جوغداي يۇڭ (تۆگىنىڭ بويىنى ۋە تىزىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇزۇن يۇڭلارنى كۆرسىتىدۇ) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

پاختا-كېۋەزنىڭ غوزىسىدىن چىقىدىغان ۋە ئىنچىكە تالالاردىن تەشكىل تاپىدىغان ئاپپاق ھەم يۇمشاق مەھسۇلاتتىن ئىبارەت. غوزا كېۋەزنىڭ مېۋىسى بولۇپ، شەكلى دەسلەپتە قوڭغۇراققا، پىشقاندا بولسا شاپتۇلغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئادەتتە تۆت پارچە ياپراقچىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، رەڭگى دەسلەپ يېشىل، پىشقاندا بولسا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئىچىدە پاختا ۋە چىگىتى يەنى پاختا ئۇرۇقى بولىدۇ. پاختىنىڭ چىگىتى چىغرىق (پاختىنى چىگىتىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما) ئارقىلىق ئايرىۋېتىلىپ، چاق (قاناتلىق چاق ئارقىلىق يىكنى ئايلاندۇرۇپ يىپ ئېگىرىدىغان تاناپلىق ئېگىرىش قۇرۇلمىسى) بىلەن ئېگىرىلىپ يىپ ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ «پاختا يىپ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ھۆل پاختا، بۇزۇق چىغرىق، چىگىت چاققىنىنى ئېيتايمۇ. كىشىنىڭ شەھرىگە كېلىپ، مۇساپىر بولغىنىنى ئېيتايمۇ»، «لەڭمەن تارتتىم تاختىدا، يىپ ئېگىردىم پاختىدا. خاپا بولماڭ ئۆز يارىم، كېلەلمىدىم ۋاقتىدا» دېگەن ناخشا-قوشاقلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 7-، 9-ئەسىرلەردە تۇرپان ئويمانلىقىدىلا كېۋەز تېرىش ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى قەشقەر بوستانلىقلىرىدىمۇ كېۋەز تېرىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىلغان. 1959-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگلار مارالبېشى ناھىيەسىدىكى توققۇز ساراي خارابىسىدە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بارغاندا، يەر ئاستىدىن مىلادىيە 7-، 9-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان پاختىدىن توقۇلغان ئاق رەخت يەنى تېگى كۆك، گۈلى ئاق لاتا تېپىلىپلا قالماي، يەنە ئاز مىقداردا چىگىتمۇ تېپىلغان. گۈللۈك لاتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر، تېگى قېلىن بولۇپ، كۆك رەڭلىك ئارقاق يىپقا ئاق رەڭلىك ئۆرۈش يىپ كىرىشتۈرۈلۈپ گۈل چىقىرىلغان. ئارخېئولوگلارنىڭ باھالىشىچە، بۇ يەردىن تېپىلغان پاختا يىپتىن توقۇلغان بۇيۇملار شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ، بۇنداق يادىكارلىق تېخنىكىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

يىپەك — پىلە غوزىسىدىن ئېلىنىدىغان ئىنچىكە تالا ۋە ئۇنىڭدىن ئېگىرىلگەن مەشۇتنى كۆرسىتىدۇ. پىلە غوزىكى بولسا پىلە قۇرتى چىقارغان مەشۇتتىن ھاسىل بولغان غوزەكنى كۆرسىتىدۇ. پىلە غوزىكى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، پىلە غوزەكنىڭ ئىچىدە قۇرۇتقا ئايلىنىدۇ. پىلە قۇرتى بىر خىل ھاشارات بولۇپ، لىچىنكىسى ئېقىش كۈل رەڭلىك بولىدۇ. ئۈجمە يوپۇرمىقىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. تۆت قېتىم تېرە تاشلايدۇ. مەشۇت چىقىرىپ غوزەك ھاسىل قىلىدۇ ۋە غوزەك ئىچىدە قۇرتقا ئايلىنىدۇ. قۇرتى پىلە پەرۋانىسى بولۇپ چىقىدۇ. پەرۋانىسى چېتىشىپ تۇخۇم سالغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. لىچىنكا (پىلە قۇرتىنىڭ تۆرۈلمە تۇخۇم ئىچىدە يېتىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇخۇمنى يېرىپ چىققان كىچىك ئورگانىزمىدىن ئىبارەت) نىڭ چىقارغان مەشۇتى يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ مۇھىم خام ماتېرىيالى قىلىنىدۇ، يىپەك پىششىق يىپەك ۋە خام يىپەك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تېرە، يۇڭ، پاختا ۋە يىپەكتىن ئىبارەت تۆت تەبىئىي مەھسۇلاتنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى ۋە گۈزەللىك زوقىنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېرىنى ماتېرىيال قىلىپ تىككەن ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرى جۇۋا، شالۋۇر، جەلىتكە، تۇماق، چورۇق قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيال ئەشيالىرى كالا، قوي، تۈلكە، بۆرە،

سۇلەيسۇن، تېيىن، قاما، سۇغۇر، سۆسەر، كەمچەت، كۆرپە (يېڭى تۇغۇلغان قوزىنىڭ تۈكى پەس، بۇدۇر-بۇدۇر كەلگەن گۈللۈك تېرىسى) ۋە ئەلتېرە (تۇغۇلۇپ بىر ئايغىچە ئارىلىقتا سويۇلغان قوزىنىڭ تېرىسى) يەنى موينا (بەزى ھايۋانلارنىڭ كىيىم-كېچەك تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدىغان يۇڭلۇق تېرىسىنى كۆرسىتىدۇ) قاتارلىقلارنىڭ ئەيلىنىپ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەنلىرى بىلەن تەركىبلەنگەن.

جۇۋا ــ ئەيلەنگەن ھەم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تېرىدىن مۇئەييەن قانۇنىيەت ۋە ئۆلچەم بىلەن تىكىلىدىغان بەدەن ئۈستى كىيىمى بولۇپ، شەكلىگە قاراپ چولڭ جۇۋا، ئۇزۇن جۇۋا، كالتە جۇۋا، بالۇشوپكا دېگەن تۈرلەرگە، ماتېرىيالىغا قاراپ تۈلكە جۇۋا، قاما جۇۋا، ئەلتېرە جۇۋا، سانسان جۇۋا (يۇڭى تەخمىنەن بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسكەن قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ياغاق جۇۋا (تۈكى چۈشۈپ شالاڭلىشىپ كەتكەن تېرىدىن تىكىلگەن جۇۋىدىن ئىبارەت)، كۇرۇك جۇۋا يەنى ئۇلڭ جۇۋا (كۈزدە تۇغۇلغان قوزىنىڭ تېرىسىدە تىكىلگەن جۇۋا ) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جۇۋا سېلىنغان ياقا ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، تون ياقىلىق جۇۋا، ئويما ياقىلىق جۇۋا ۋە قايرىما ياقىلىق جۇۋا دېگەن تۈرلەرگىمۇ بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇرلار جۇۋا تىككۈچى ياكى جۇۋا تىكىپ ساتقۇچىنى جۇۋىچى، جۇۋا تىكىش ئىشى ياكى كەسپىنى جۇۋىچىلىق دەپ ئاتىغان.

تۆۋەندە بىر قانچە تۈرلۈك تېرە كىيىملىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

تاختا جۇۋا ــ ئاشلاپ، ئەيلەنگەن تېرىدىن تاختا قىلىنىپ تەييارلانغان جۇۋىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆلڭ جۇۋا ــ سىرتقى يۈزى رەخت بىلەن تاشلانمىغان جۇۋىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆرپە جۇۋا ــ كۆرپىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «كۆرپە جۇۋىنى سوغۇقتا كىيسە ياخشىراق، ئاشىق كىشىنى مەشرەپتە كۆرسە ياخشىراق» دېگەن تەمسىللىك گەپ بار. كۆرپە ــ يېڭى تۇغۇلغان قوزىنىڭ تۈكى پەس، بۇدۇر-بۇدۇر، گۈللۈك تېرىسىدىن ئىبارەت.

پالشوپكا ــ قايرىما ياقىلىق، ئۇزۇنلۇقى كاسىنى بېسىپ تۇرىدىغان، سوكنا قاتارلىق ئېسىل رەختلەر بىلەن تاشلىنىپ كىيىلىدىغان، تېرىدىن تىكىلىدىغان تاشقى كىيىمنى كۆرسىتىدۇ.

شالۋۇر ــ تېرىدىن تىكىلىدىغان بەدەن ئاستى كىيىمى بولۇپ، تاشلىق ۋە تاشسىز كىيىلىدۇ. ئاساسەن ئەيلەنگەن قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. قىسمەن ئەھۋاللاردا ئىت تېرىسىدىن تىكىپ كىيىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ، شالۋۇر رەختتىن تىكىلگەن ئىشتانلارغا ئوخشاش پۇچقاق، لىپەز، ئاغ، تىز قاتارلىق تەركىبلەردىن تۈزۈلىدۇ.

پۇچقاق ئەتراپىغا تېرىدىن گۈللۈك ياپراقچىلار تۇتۇلۇپ، يۇمشاق تاسما تىلىكچىسىدىن ئىشتانباغ بېكىتىپ كىيىدۇ.

بەرچەتكە ــ پەش ۋە يېڭىنىڭ چۆرىسىگە قارا دۇخاۋا تۇتۇلىدىغان قىشلىق قىسقا چاپان ياكى قىسقا جۇۋىدىن ئىبارەت.

پىنجەك ــ تېرىدىن ياكى رەختتىن ئىچىگە پاختا ئېلىنىپ، يەڭسىز ۋە ياقىسىز تىكىلىدىغان بەدەن ئۈستى كىيىمى بولۇپ، تېرىدىن تىكىلگەن پىنجەك تاشلىق ياكى تاشسىز كىيىلىدۇ. بۇ تېرە پىنجىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تېرە پىنجىك يانچۇقسىز تىكىلىدۇ، ئىزمىلىرى تاسمىدىن تەييارلىنىدۇ، ياقىسى كۆپىنچە تۈز بولىدۇ.

تۇماق ــ ئومۇمەن تېرىدىن تىكىلىدىغان ئەر-ئاياللارنىڭ باش كىيىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلىگە قاراپ ئاق تۇماق، سالۋا تۇماق، سوغا تۇماق، كۇلا تۇماق، يۇرت تەۋەلىكىگە قاراپ يېڭىسار تۇمىقى، ساغان تۇمىقى، قەشقەر تۇمىقى، خوتەن تۇمىقى، ئاتۇش تۇمىقى، پەيزاۋات تۇمىقى، قاغىلىق تۇمىقى، كۇچا تۇمىقى، قومۇل تۇمىقى، ئاتۇش تۇمىقى، كېرىيە تۇمىقى «تەلپەك»، ھەربىيچە تۇماق، ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالىغا قاراپ سۆسەر تۇماق، قاما تۇماق، كەنچات تۇماق، تۈلكە تۇماق، ئەلتېرە تۇماق دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۇلەيسۇن، تېيىن، قوي، ئۆچكە، ئات، سۇغۇر قاتارلىقلارنىڭ تېرىسىدىنمۇ تۇماق تىكىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «باش كىچىك، تۇماق يوغان، پىچاق كىچىك، غىلاپ يوغان»، «ئانالڭ-دادالڭ ئەسكى تۇماق، ساڭا نېمە يوغان دىماق»، «باش يېرىلسا تۇماق ئىچىدە، قول سۇنسا يەلڭ ئىچىدە»، «قارا قاشىنىڭ تۇمىقى، قارا كۆرپە ئەمەسمۇ. كۆزدىن ئۇيقۇ قاچۇرغان، كۆيۈك ئوتى ئەمەسمۇ»

دېگەن ماقال ۋە قوشاقلار كۆپ ئۇچرايدۇ. تۇماقنىڭ خام ماتېرىيالى بولغان تېرىنى تۇماقچىلار ئۆزلىرى پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ. بۇ جەريان خېلىلا مۇرەككەپ تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ. تۇماقچىلار ئالدى بىلەن تېرىنىڭ ماي تەركىبلىرىنى ئايرىپ تەكشىلەپ، ئاندىن شور تۇز بىلەن تۇزلاپ قۇرۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى تېرىنى داشلاش دەپ ئاتايدۇ. داشلانغان تېرە ئالدى بىلەن پاكىز سوغۇق سۇغا چىلىنىپ، يۇمشىلىتىدۇ. ئاندىن يام «تېرە ئاشلاش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ئاغزى يوغان ياغاچ تۇڭنى كۆرسىتىدۇ»غا سۇ، تۇز، تېرىقنىڭ ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان شاكاراپ دوشاپقا 20 كۈن ئەتراپىدا چىلاپ قويۇلىدۇ. تېرە ئاش يېگەندىن كېيىن قۇرۇتۇلۇپ ئاشلىنىدۇ. بۇنى تېرە ئاشلاش دەپ ئاتايدۇ. ئاشلانغان تېرە قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ پۈركۈلۈپ، تېرىنىڭ ھاۋىسى تەڭشىلىدۇ. تېرىنىڭ ھاۋىسى تەڭشىلىپ يەنى يۇمشاق پىلەكتەك ئەۋرىشىم ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن، پەشگاھقا ئېسىلىپ، چاڭ، جەچە (ئورغاق شەكىللىك تېرىنىڭ يۈزىنى قىرىپ ئەيلەش ئەسۋابى) بىلەن تېرىنىڭ يۈزى پاكىز ۋە تەكشى قىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇماق تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تېرە ماتېرىيالى تەييار بولىدۇ. تۇماق تىكىش ئۈچۈن ئىت، چىپار توشقان، قۇندۇز قاتارلىقلارنىڭ تېرىسىمۇ ئىشلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «چىپار ئاتلىق كەلگەن يارىنىڭ، چىپار توشقان تۇمىقى. ئاخىرى تەگدى يۈرەككە، جۇدالىقنىڭ چومىقى» دېگەن قوشاقلار بار.

تۇماقنىڭ ئاساسلىق تۈزۈلۈش تەركىبلىرى قاسقان، جىيەك، تالا، تۆپىلىك، كېزەك، لەپىلمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە ئىزاھلىنىدۇ.

قاسقان — تۇماقنىڭ چۆرىسىدىكى گەردىش.

جىيەك — تۇماقنىڭ گىرۋىكىگە تۇتۇلىدىغان مەخسۇس لېنتا. يەنى دوپپا، تۇماق قاتارلىقلارنىڭ چۆرىسىگە رەخت، كۆرپە قاتارلىقلاردىن تۇتۇلغان گىرۋەكنى كۆرسىتىدۇ، بەزى يەرلەردە گېزەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تالا ـ تۇماق تۆپىلىكىنىڭ تەڭ بۆلۈنگەن ھەر بىر بۆلىكى.

تۆپىلىك — تۇماقنىڭ ئۈستى قىسمى.

كېزەك — دوپپا ۋە تۇماقلارنىڭ چۆرىسىگە رەخت ياكى كۆرپە قاتارلىقلاردىن تۇتۇلغان گىرۋەكنى ئىبارەت.

لەپىلمە — تۇماقنىڭ جىيەكلىرىگە تۇتۇلغان تار بىر قەۋەت رەختنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە ئەنئەنىۋى باش كىيىملەردىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

تۆپە — تېرىدىن پوسمىغا ئوخشاش تىكىلىدىغان تاشلانمىغان، سىرتى ئاق بولىدىغان باش كىيىمى.

سەرپۇش — يەنە بىر ئاتىلىشى سەللە تۇمىقى بولۇپ، تۆپىسى ئېگىزرەك، چۆرىسىگە قاما ياكى كۆرپىدىن نىسبەتەن تارراق جىيەك تۇتۇلىدىغان بىرخىل باش كىيىم تۈرىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «ئاخۇنۇم سەرپۇش تۇماق، نەچچىدە باردۇر ياشىڭىز، قازاندەك سەللە ئىچىدە، پارقىرايدۇ باشىڭىز» دېگەن قوشاق كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

پاپاخ — موي ۋە تۈكى سىرتىغا تىكىلگەن ئۇزۇنچاق تەلپەك سىياقىدىكى باش كىيىمدىن ئىبارەت.

دۇمچە تۇماق — ئۈستىنى ئاق تېرىدىن، جىيىكىگە قارا كۆرپە تۇتۇلۇپ تىكىلىدىغان تۇماق تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «بېشىمدىكى تۇماقنىڭ قارا كۆرپە جىيەكى، كۆلۈپ تۇرغان يارىمنىڭ، مۈشكى — ئەنبەر تىنىقى» دېگەن قوشاق بار.

داۋغان تۇماق — سۇغۇرنىڭ تېرىسى بوياپ تىكىلىدىغان ئايالچە تۇماق تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «داۋغان تۇماق كىيىپلا، سۇغۇرنىڭ تېرىسىدىن، سىز خېنىمنى دەپ كەلدىم، بەش تاغنىڭ نېرىسىدىن» دېگەن قوشاق بار.

ئۆلۈك تۇماق — تېرىنىڭ تۈكسىز تەرىپىنى سىرتىغا كەلتۈرۈپ تىكىلگەن تېشى رەخت بىلەن تاشلانمىغان تۇماقنى كۆرسىتىدۇ.

كۇلاھ — كۆپىنچە دىۋانە ۋە دەرۋىشلەر كىيىدىغان تۆپىسى ئۇچلۇق كەلگەن باش كىيىم تۈرىدىن ئىبارەت. كىلاسسىك شائىر موللا بىلالنىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان» ناملىق داستانىدا «جەندىنى تاشلاپ كىيدى كۇلانى، كۆرۈڭكى، ئول بەتنىيەت مەيگۈزانى» دېگەن ھەجۋىي مىسرالار ئۇچرايدۇ.

جىغا — ئۈستىگە پۆپۈكچە ياكى چېچەك ئورنىتىلغان باش كىيىمدىن ئىبارەت.

قالپاق — كىگىز، رەخت قاتارلىقلار ماتېرىيال قىلىنىپ ئىشلەنگەن، چۆرىسى قاسقانلىق كەلگەن بىر خىل باش كىيىمدىن ئىبارەت بولۇپ، شىلەپىسىمان قالپاق، ئاچا قالپاق ۋە تۇماقسىمان قالپاق دېگەن تۈرلىرى بار.

ئۇيغۇرلاردا «مەن ئۆزۈم باتۇر ئىدىم، تاغدا كېيىك ئاتۇر ئىدىم، قالپىقىمنى قىردا قويۇپ، قىرىق قىزنى قوغلار ئىدىم»، «قالپاق ـــ جۇڭزا كيگەنلەر، بۇ ئالەم بەگلەرى دەرلەر. كىتاب ھۆكمىگە مەن باقسام، قىيامەت سەگلەرى دەرلەر» دېگەن قوشاقلار بار.

قۇلاقچا ـــ كۆرپە، تېرە ۋە رەخت قاتارلىقلاردىن ئىككى تەرىپىگە ئىككى قۇلاق چىقىرىپ تىكىلىدىغان قىشلىق باش كىيىمدىن ئىبارەت.

ئولپاق ـــ كىچىك بالىلارنىڭ قۇلاقچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

باشكىن تۇماق ـــ كىچىك بالىلارنىڭ تۇمىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سالپاڭ ـــ كىچىك بالىلارنىڭ باش كىيىمى، كۆپىنچە كۆرپىدىن تىكىلىدۇ، ئىككى تەرىپىدە قۇلاقنى يېپىپ تۇرىدىغان لەپىلىمىسى بولىدۇ.

تۆۋەندە تۇماق تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان ـ جابدۇقلار ۋە تۇماق تىكىش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلىدۇ. تۇماق تىكىش ئۈچۈن تېرە پىچىقى، ئەستەرلىك، تاشلىق، رەخت قايچىسى، يىپ، يىڭنە، پاختا، قېلىپ، ناۋات، چۈۋىق، قاراگۇل ۋە قىسمەن بوياق قاتارلىق سايمان ـ جابدۇقلار ئىشلىتىلىدۇ.

تېرە پىچىقى تېرە كېسىدىغان ياي شەكىللىك پىچاقنى كۆرسىتىدۇ.

ئەستەرلىك ـــ تۇماقنىڭ تاشلىق رەختىنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ تىكىلىدىغان نىپىزرەك رەختنى كۆرسىتىدۇ.

تاشلىق رەخت قايچىسى ـــ رەخت، قەغەز، قەلەي قاتارلىق نىپىز نەرسىلەرنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب بولۇپ، ئادەتتە ئىككى دانە تۈتقۇلۇق چىقىرىلغان پولات تىغنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، كېسىشكەن ئورنىنى ياندۇرما مىخ بىلەن ھەرىكەتچان ھالەتتە مۇقىملاشتۇرۇش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. قايچىنىڭ ئۇزۇن دەستىلىك، قىسقا بىسلىق قايچا ۋە قىسقا دەستىلىك، ئۇزۇن بىسلىق قايچا دېگەن تۈرلىرى بار، تۇماق تىكىش ئىشلىرىدا تۇماقنىڭ تاشلىق رەختلىرىنى كېسىش ئۈچۈن دەستە ۋە بىسى تەڭ ھالەتتىكى قايچا ئىشلىتىلىدۇ.

يىپ ـ پاختا، يىپەك، چىگە، ۋە يۇڭ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تالاسىدىن ئىنچىكە قىلىپ ئېگىرىلگەن تىكىش ۋە توقۇش ماتېرىيالى. تۇماق تىكىش ئۈچۈن ئاساسەن يىپەك ۋە پاختىدىن تەييارلانغان يىپ ئىشلىتىلىدۇ.

يىڭنە ـــ تۆمۈر قاتارلىق مېتاللاردىن بىر تەرىپى ئۇچلۇق ھەم ئۆتكۈر، يەنە بىر تەرىپى تومراق ھەم يىپ ئۆتكۈزۈش تۆشۈكى ئېچىلىپ ياسىلىدىغان تىكىش جابدۇقى. بىزدە يىڭنىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن كىچىك يىڭنە، ئارا يىڭنە، تۆمۈنە يىڭنە، ئەگرى يىڭنە، ئىلمەك يىڭنە، ئىنچىكە يىڭنە، يوتقان ـ كۆرپە يىڭنىسى، قۇلاق تېشىش يىڭنىسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «يىڭنە تۆشۈكىدىن ئادەمنى كۆرگىلى بولار»، «يىڭنە قايقا ماڭسا، يىپمۇ شۇ ياققا ماڭار»، «يىڭنە كۆزىدەك تۆشۈكتىن، تۆگىدەك سوغۇق كىرەر»، «يىڭنە كىچىك بولسىمۇ يۇتقىلى بولماس، چوغ كىچىك بولسىمۇ تۇتقىلى بولماس»، «يىڭنە ئۆتكەن يەردىن يىپ ئۆتەر»، «يىڭنە يىپى بىلەن، ھەر ئىش ئېپى بىلەن»، «يىڭنىدەك تۆشۈك توسمىنى بۇزار»، «يىڭنىنى خار قىلىپتۇ، غېرىچنى غۇلاچ قىلىپتۇ»، «يىڭنىنىڭ ئۇچى تەگسە تېشىلىدۇ، تۇتۇپ قويسا يېشىلىدۇ»، «يىڭنىنىڭ ئىشنى نەيزە قىلالماس، قەلەمتىراچنىڭ ئىشنى قىلىچ قىلالماس»، «ئەجىر قىلساڭ، لوم تۆمۈر يىڭنە بولار»، «ئون يىڭنىنى سوقسا، بىر تال تۆمۈنە بولماس» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

پاختا ـــ كېۋەزنىڭ غوزىسىدىن چىقىدىغان ۋە ئىنچىكە تالالاردىن تەشكىل تاپىدىغان ئاپپاق ھەم يۇمشاق مەھسۇلاتتىن ئىبارەت.

قېلىپ ـــ يەنە بىر ئاتىلىشى ئەندىزە بولۇپ، تۈرلۈك كىيىملەر ياكى باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پىچىش ۋە تەييارلاشتا ئۆلچەم قىلىنىدىغان ئۈرنەك ۋە ئۆلگە ئىبارەت.

ناۋات ـــ شېكەرنى مەلۇم مىقداردىكى سۇ بىلەن قايىنىتىپ قىيام قىلغاندىن كېيىن نوكچە قىلىپ قاتۇرۇلغان تاتلىق يېمەكلىكتىن ئىبارەت.

چۈۋىق ـــ تال ۋە سۆگەتلەرنىڭ يېڭى ئۆسكەن يۇمران ۋە ئىنچىكە شېخىنى كۆرسىتىدۇ.

موينكەش ـــ شەكلى ئارىغا ئوخشايدىغان قوشۇق نۇسخىسىدىكى تۇماق تىكىش ئەسۋابىدىن ئىبارەت.

تارغاق ـــ تۇماق تىكىلىدىغان تېرە يۇڭلىرىنى تاراپ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ ۋە سۆڭەكتىن ناھايىتى تار ئارىلىق قالدۇرۇپ چىش چىقىرىلىپ ياسىلىدىغان، كۆپىنچە ئاياللار چاچ تاراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پەرداز جابدۇقىدىن

ئىبارەت.

بوزا — چوڭ چىنە تۇۋى توملۇقتىكى، 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شەكلى يۇمىلاق، ئىككى ئۇچى يايپاڭ قىلىنىپ تەييارلانغان كالتەكچىدىن ئىبارەت.

چوتكا — تۇماق تېرىلىرىگە بوياق ۋە رەڭ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تۇتقۇچلۇق ياپىلاق ياغاچ يۈزلىكىگە قىلچىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەرداز جابدۇقىدىن ئىبارەت.

بلەي — بلەي ئادەتتە تىغلىق ئەسۋابلارنى بىلەپ ئۆتكىلىتىش، پارقىرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تاش قورالمىلىق ئىشلىتىش بۇيۇمى بولۇپ، ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە رولى ناھايىتى كەڭ. ھەرقانداق تىغلىق ئەسۋابنىڭ بېسى قايرىلىپ كەسمەس بولۇپ قالغاندا ئۆتكىلىتىش ئۈچۈن بىلەيدە بىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئۆتمەس پىچاقنىڭ غىلىتاڭ بىلەيسى بار، پۈچۈق قىزنىڭ جىرتاق كۆيۈسى بار» دېگەن ماقال-تەمسىل بار.

بەلچە — باش كىيىمنىڭ تېرە ماتېرىيالىنى كېسىش ۋە تۈزلەپ سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ تۇتقۇچلۇق تىغلىق ئەسۋاب. ئۇنىڭ تۈز بەلچە، ئايسىمان بەلچە ۋە بۆرەكسىمان بەلچە دېگەن تۈرلىرى بار.

ئويماق — خۇرۇم ياكى مېتالدىن بىگىز بارماققا ئۆلچىنىپ ياسالغان، بىگىز بارماققا كىيىپ يىڭنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىتتىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى ئەسۋابتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن»، «ئويماقسىز خوتۇن بولماس، پىچاقسىز ئەر بولماس»، «ئويۇندىن ئويماق چىقتى، قازاندىن قۇيماق چىقتى» دېگەن ماقال-تەمسىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

قاراگۈل — لەيلىگۈلنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ، بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ. گۈلى قۇرۇتقاندا قارىيىدۇ. ئادەتتە بوياق ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. تۇماقچىلار ئىلمان سۇغا چىلاپ ئېرىتمىسىدە تۇماق تېرىسىنى رەڭلەش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

بوياق — بوياش، رەڭ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماددا بولۇپ، تۇماق تېرىسىنىڭ سىرتقى يۈزىنى ماس ھالدا رەڭلەش ۋە بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

تۇماق تىكىش ئۇسۇلى — تۇماق تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان تېرە تەييار قىلىنغاندىن كېيىن، تېرىنىڭ يۈزىدىن ئەندىزە قويۇپ، تۆت تالالىق، ئالتە تالالىق قىلىپ ئۆل-چەملىك كېسىپ، كېسىلگەن رەختلەرنى بىر-بىرىگە چېتىپ تۇماقنىڭ ئۈستىنى ھاسىل قىلىدۇ. تۇماققا ئەستەر ئالماقچى بولسا، رەختكە پاختا سېلىپ سىرىپ، تۆپە تالاسدەك پارچىلاپ كېسىپ تۆپىنى ئەستەرگە كىيگۈزىدۇ. ئەتراپىنى يۆمەپ تىكىپ بولۇپ، قېلىپقا سېلىپ قايچا بىلەن مويلىرىنى تەكشەپ قىرقىپ ھەممە سۇ پۈركۈپ موينى چۈشۈقلاش ئارقىلىق سۈنئىي بۇدۇر قىلىدۇ. بۇدۇرنىڭ ئاسان بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ناۋاتنى ئېرىتىپ قىيامنى ئېغىزغا ئېلىپ مويغا پۈركۈيدۇ. ئەگەر ئىشلەتكەن تېرىنىڭ رەڭگى ئالپاساق بولۇپ قالسا ئۆز رەڭگىگە ئوخشىتىپ بويايدۇ. تۇماق ۋە قولاقچا قاتارلىقلارنىڭ تۆپىسىگە خۇرۇم ماتېرىيال قىلىنغان بولسا، خۇرۇم رەڭگىدە قارا گۈل ياكى ئۈتۈك مېيى بىلەن پەردازلايدۇ. تۆپىسى ئاق تېرىدىن تەييارلانغان تۇماقلارغا ئاق سىزىقلىق گۈل چەقىرىلىپ گەج ئاق پەرداز بېرىلىدۇ.

چورۇق — كالا ۋە ئاتنىڭ باش تېرىسىدىن پۈتقا ئۆلچەپ پۈرۈپ كېسىپ، ئۇياق-بۇيىقىدىن تانا ياكى پىشقان چىلىڭ «شىر» تاسما تىلىكچىسى بىلەن تارتىپ كىيىدىغان ئادەتتىكى ئاياغ كىيىمدىن ئىبارەت بولۇپ، خەلق ئارىسىدا پۈرۈم چورۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «يالاڭ ئاياغ قالسىمۇ چورۇق كىيمەيتۇ»، «چاپاننىڭ يانچۇقى تېشىلەر، چورۇقنىڭ سونجىقى تېشىلەر»، «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىر چورۇقڭنى قۇرۇتما»، «شىر چورۇق تىكىپ كىيدىم، تايلاقنىڭ تاپانىدا، تولۇپ قالسام يۆگەيدۇ، يارسارجا چاپانىدا»، «چورۇق كىيگەن يىگىتكە، قىز-جۇۋانلار قالشا. پادىچىنىڭ ئوغلىغا، شىرە چورۇق يارىشا» دېگەن ماقال ۋە قوشاقلار بار. چورۇق تېرە چورۇق ياكى پۈرۈم چورۇق ۋە چىغ چورۇق دېگەن تۈرگە بۆلۈنىدۇ. چورۇق يەنە يازلىق چورۇق ۋە قىشلىق چورۇق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، يازلىق چورۇق يالاڭ ھالەتتە كىيىلىۋېرىدۇ. ياز ئىسسىق بولغىنى ئۈچۈن چورۇق تېرىسى قېتىۋېلىپ پۈتنى قىسىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا يازلىق چورۇقنى زەي توپىغا كۆمۈپ كىيىش ئادىتى شەكىللەنگەن. قىشلىق چورۇق «قىشلىق ئۈتۈك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قىشلىق چورۇقنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، قىشلىق چورۇق ئۇزۇن قونچلۇق كىگىز پايپاق ئۈستىگە تارتىلىدۇ. پايپاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى شىغالتاق «تىزنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئويمان. يەنى تىز ئېگىلگەندە ئۇنىڭ ئارقا قىسمىدا شەكىللىنىدىغان ئويمانى

كۆرستىدۇ» قا تەۋسىلىدۇ. ئوشۇقتىن شىۋغالتاقتا قەدەر پايپاقنىڭ ئۈستىدىن قۇر «كاشا، شىر، يىپتا توقۇلغان ياپلاق تانا» چەپراس قىلىپ تىكىپ كىيىلىدۇ.

كالتە ساق چورۇق — قوي تېرىسىنى ئەيلەپ تىكىلىدىغان يەرلىك ئەنئەنىۋى ئاياغلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كىيىشكە ئەپلىك ھەم يېنىك بولۇپ، ئۇزۇن يوللارنى پىيادە مېڭىش توغرا كەلگەندە كۆپرەك كىيىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «كالتە ساق چورۇق كىيىپ، سونجاقتا دەسسەپسىز غوجام، بىۋاپا يارنى سۆيۈپ، ئارماندا ئەسنەپسىز غوجام» دېگەن قوشاق بار.

كېپىش — كۆن ۋە خۇرۇم ياكى تېرىدىن كالاچ شەكلىدە تىكىپ كىيىلىدىغان باشلىق، چەم، ئاپقوت ۋە پاكار قونچلۇق ئاياغ كىيىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتە ئۆتۈك ۋە مەسلەرنىڭ ئۈستىگە كىيىلىدۇ ھەم بىۋاستە كىيىشكىمۇ بولىدۇ.

باسۇشكا — پۈتنى سالقىن تۇتۇش ئۈچۈن تىكىلگەن ئەر-ئاياللارنىڭ بىر خىل يازلىق ئاياغ كىيىمدىن ئىبارەت.

كوپۇش — يىڭدىن ئايغى چىققان بالىلارنىڭ بىر خىل ئاياغ كىيىمدىن ئىبارەت.

بوتى — ئاياللار ۋە بالىلار كىيىدىغان قىسقا قونچلۇق، قونچىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ۋە بوغۇچلايدىغان جايىغا تېرە تۇتۇلغان قىشلىق بەتىنكە.

ئۇيغۇرلارنىڭ يۇڭ تۈرىدىكى ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىگىزنى ئەشيا قىلىپ تەييارلىنىدىغان كىيىملەر ۋە يۇڭ يىپنى ئەشيا قىلىپ توقۇلغان رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەر، دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىگىزنى ئەشيا قىلىپ تەييارلىنىدىغان باش كىيىملىرىدىن مالخاي، ئاياغ كىيىملىرىدىن پىيما، دەپسەن، چۇسۇنكا، دەكتۇ، سەندەل ۋە ئاياغقا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە كىيىملەردىن يۇڭ پايپاق، كىگىز پايپاق قاتارلىق كىيىملەرنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

مالخاي — يەنە بىر ئاتىلىشى كىگىز تۇماق بولۇپ، يۇڭدىن تەييارلانغان تۇنىكىدىن ئالدى-كەينى قارلىغاچ قۇيرۇقىدەك ئاچا چىقىرىلىپ، ئىككى يېنى ئۈستى تەرەپكە قايرىلغان ھالەتتە تەييارلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ماختىنغان قىز مالخايغا چىچىپتۇ»، «سۇ كېچىپ داۋان ئېشىپ، ئۆتتۈكۈمنى ھۆل قىلدىم، مالخاينى قويۇپ تاشقا، چىرىكلەرنى گول قىلدىم»، «ئەركىنلىك يولىدا شىر سادىر، قىرىلغان چىغدا مالخايىنى. يىقتقان پورلارنى سېيت نوچى، مۇشتۇمدا يۇلغاندەك قارىغاينى»، «ئوڭ قولۇمدا مالخىيم، چەپ قولۇمدا چاقمىقىم. باللىرىمنى دېمىسەم، توققۇز شەگە بارمىقىم» دېگەندەك ماقال ۋە قوشاقلار كۆپ ئۇچرايدۇ. كىگىز تۇماق مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلما كىيىمى بولۇپ 3800 ـ 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە. كىگىز تۇماق ئۇچلۇق بولۇپ، بىر خىل رەڭدە، قىلىنلىق دەرىجىسى تەكشى، پۇختا. تۇماقنىڭ ئۈچى تىك چىقىرىلغان. لۇشۇن، لى گېنپىن قاتارلىق ئالىملار كىگىز تۇماقنى ئاسىيا بويىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى كىگىز ئەۋرىشكىسى دەپ ھېسابلىغان.

چىچاق — ماتېرىيالى كىگىزدىن تەييارلىنىدىغان ئەنئەنىۋى باش كىيىملەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا «بېشىڭدىكى چىچاقمۇ، قولۇڭدىكى پىچاقمۇ. ئاخشام قىلغان گەپلىرىڭ، راستمۇ ياكى چاقچاقمۇ» دېگەن قوشاقلار بار.

پىيما — قوي يۇڭىدىن بېسىپ تەييارلىنىدىغان، قونچى تىزغا يېتىدىغان قىشلىق ئاياغ كىيىمدىن ئىبارەت.

دەپسەن — قوي يۇڭىدىن بېسىپ تەييارلىنىدىغان كالتە قونچلۇق پىيما سىياقىدىكى ئاياغ كىيىمدىن ئىبارەت.

چورۇپ — ئاياللارنىڭ بىر ئەنئەنىۋى ئاياغ كىيىمىدىن ئىبارەت.

سىرپا — قوڭالتاق كىيىۋېلىنىدىغان بىر خىل كەش تۈرىنى كۆرستىدۇ.

چوسۇنكا — باشلىقى خۇرۇم، قونچى كىگىز ۋە تاپىنى چەمدىن ئىشلەنگەن پاشنىلىق پىيما بولۇپ، ئادەتتە قىش كۈنلىرى كالاچ سېپىلىپ كىيىلىدۇ.

دەكتۇ — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قىشلىق ئاياغلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، دەكتۇ مەخسۇس سېمىز قوينىڭ تېرىسىدىن تىكىلىپ، قىش كۈنلىرى ئاتلىق، ھارۋىلىق ۋە ئېشەكلىك سەپەرلەرگە چىققان كارۋان ۋە يولۇچىلار ئۆتۈك، مەسلەرنىڭ ئۈستىدىن كىيىۋالىدىغان قاتتىق سوغۇقتىن قوغدىنىش جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىختىرالىق ئاياغ كىيىملەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا دەكتۇ (يەختە — دەكتە) دەپ ئىزاھلىنىپ، ئۆتۈك ياكى مەسنىڭ ئۈستىگە كىيىلىدىغان تېرە پايپاق دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مۇيۇنگۈزەر مەكتەپتە)



# تەرجىمىلىكتە تىلغا پىششىق بولۇش ھەممىدىن مۇھىم

**ئىبادەت ئىسمائىل**

ھازىر بىزنىڭ تەرجىمىلىكمىزدىن ئۆتۈپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن كىتاب، گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا كېلەڭسىز تەرجىمە قىلىنغان ھەم ياخشى تەرجىمىلەنمىگەن جۈملىلەرنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

تەرجىمىلىكتە تىلغا پىششىق بولۇشنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئەسلىدە ئارتۇقچە ئىدى، چۈنكى تەرجىمىلىك بىر ئىلىم سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان، مۇھەررىرنىڭ تىلغا پىششىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىپ كەلگەن، شۇنداقلا بىزنىڭ نۇرغۇن تىلشۇناسلىرىمىز، ئالىملىرىمىز باشلامچىلىق بىلەن تەرجىمىلىك قىلىپ، تەرجىمىلىكنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل، كەسىپ ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە تونۇتۇپ كەلگەن، بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تەرجىمىلىكىمىزدە تىلنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان، مەنتىقىگە چۈشمەيدىغان، ھەتتا ھېچ نەرسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان جۈملىلەر كۆپىيىپ، سۆز-جۈملىلەرنىڭ رولى، مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان، ئوقۇرمەنلەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆپىيىپ قالدى، شۇڭلاشقا تەرجىمىلىكمىزنىڭ تىلغا پىششىق مۇھەررىرلەر قوشۇنىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى، تەرجىمىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار چوقۇم تىلغا پىششىق بولۇشى كېرەكلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلەش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ئالدى بىلەن جۈملىلەرنىڭ زىيادە ئۇزۇنلۇقى ۋە كېلەڭسىزلىكى ھەققىدە توختىلايلى. تىلىمىز يېپىشقاق تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەردىن ئىخچام، ئوبرازلىق ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەسەرلەرنى تىلىمىزغا تەرجىمە قىلغاندا ھەجىم جەھەتتە كۆپىيىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، بۇنى تىلىمىزدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ، چۈنكى ياخشى تەرجىمان، پىشقان مۇھەررىر باشقا تىللاردىكى بىر سۆزنى تىلىمىزدىمۇ بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىيەلەيدۇ، ھەتتا باشقا تىللاردىكى قوشما جۈملىنى تىلىمىزدا بىر ئاددىي جۈملە بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن، بۇ يەردىكى مەسىلە تىلغا پىششىق بولۇشتا.

مەلۇم كىتابتا: «خۇددى كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، تەجرىبە-ساۋاق دېگەن بۇ نەرسە، باشتىكى چاچ تامام چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئېرىشكەن تارغاققىلا ئوخشايدۇ» دېيىلگەن. يۇقىرىقى جۈملىدە بىر نەچچە سۆز ئورۇنسىز ئىشلىتىلىپ جۈملىنى ئۇزارتىۋەتكەن، «خۇددى كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك» دېگەن بۆلەكتىكى «خۇددى» سۆزى ئارتۇقچە، چۈنكى تىلىمىزدا «دەك، تەك» قوشۇمچىسىنىڭ رولى دەل خۇددى، گويا، ئوخشاش» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ رولىنى ئۆتىيەلەيدۇ. گەرچە «خۇددى، گويا، ئوخشاش» دېگەن سۆزلەر تىلىمىزدا كۆپ قوللىنىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قوللىنىلىش ئورنى، رولى ۋە ۋەزىپىسى ئوخشىمايدۇ، بۇ سۆزلەر كۆپ ھاللاردا كۈچەيتىش رولىنى ئۆتەيدۇ، بىراق، يۇقىرىقى جۈملىدە «خۇددى» سۆزىنى ئىشلىتىپ ئۇنىڭغا كۈچەيتىش رولىنى ئارتىپ قويۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. «تەجرىبە-ساۋاق دېگەن بۇ نەرسە» دېگەن بۆلەكتە «دېگەن بۇ نەرسە» دېگەن سۆزلەر ئارتۇقتىن-ئارتۇق ئىشلىتىلگەننى ئاز دەپ، جۈملىنى ئۇزارتىۋەتكەندىن سىرت، كىشىگە تەجرىبە-ساۋاق ياخشى نەرسە ئەمەستەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. «باشتىكى چاچ تامام چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئېرىشكەن تارغاققىلا ئوخشايدۇ» دېگەن بۆلەكتىكى سۆزلەرنى تېخىمۇ ئىخچاملاش مۇمكىن، يەنى «باشتا چاچ قالمىغاندا ئېرىشكەن تارغاققىلا ئوخشايدۇ» دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمدى يۇقىرىقى مىسالدىكى قوشۇمچىلارنىڭ جايىدا ئىشلىتىلمەسلىكى ھەققىدە توختىلىپ باقايلى. «خۇددى كىشىلەرنىڭ «ئېيتقىنىدەك» دېگەن بۆلەكتە «نىڭ»دىن ئىبارەت ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى زورلاپ قوشۇپ قويۇلۇپ، كىشىگە يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالغان،

مىنىڭچە بۇنى «كىشىلەر ئېيتقاندەك» دەپلا تەھرىرلە-
سەك، ھەم ئىخچام، ھەم چۈشىنىشلىك بولىدۇ. تەھرىرلىك-
تە قوشۇمچىلارنىڭ رولىغا سەل قاراش مەسىلىسى بار.

يۇقىرىقى مىسالدا تىنىش بەلگىلىرىنىڭ جايىدا ئىشلىتىل-
مىگەنلىكىگە قاراپ باقايلى. «تەجرىبە- ساۋاق دېگەن بۇ
نەرسە» بۆلەكتە «نەرسە» دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە بىر
ئورۇنسىز پەش قويۇلغان. بۇ پەش جۈملىنى باغلاش ئۇ-
ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مۇناسىۋەتسىز ئىككى بۆلەككە
ئايرىۋەتكەن. ھەممىمىزگە ئايانكى، خەنزۇ تىلى بىلەن
ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى بار، بۇ پەرق ئىككى
تىلنىڭ ئىپادىلەش ئادەتلىرىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن،
تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئادىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.
ئۇيغۇر تىلىدا ئەزەلدىن پەش كەلمەيدىغان جايلارغا خەنزۇ
تىلىدا پەش كېلىدىغان ئەھۋاللار بىر قەدەر كۆپ ئۇچراي-
دۇ. خەنزۇ تىلىدا ۋاقىت، زامانني ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر
جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، كۆپ ھاللاردا شۇ سۆزدىن كېيىن
پەش كېلىدۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق جايدا ھېچقانداق
تىنىش بەلگىسى قوللىنىلمايدۇ. شۇڭا تەرجىمە ئەسەرنى
تەھرىرلىگەندە، خەنزۇ تىلىدىكى تىنىش بەلگىسىنى ئەينەن
كۆچۈرۈپ كەلمەستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەل-
گىسىنىڭ ئورنى، رولىنى ئويلىشىش كېرەك. مېنىڭچە
«خۇددى كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، تەجرىبە- ساۋاق
دېگەن بۇ نەرسە، باشتىكى چاچ تامام چۈشۈپ كەتكەندىن
كېيىن ئېرىشكەن تارغاققىلا ئوخشايدۇ» دېگەن جۈملىنى
«كىشىلەر ئېيتقاندەك، تەجرىبە- ساۋاق باشتا چاچ قالمى-
غاندا ئېرىشكەن تارغاققىلا ئوخشايدۇ» دەپ تەھرىرلە-
سەك، 17سۆزدىن تۈزۈلگەن بۇ جۈملىنى ئون سۆزدىن تۈ-
زۈلگەن جۈملىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى مىسالدىكىدەك ئەھۋاللارنى بىز دائىم
كىتاب، گېزىت- ژورناللاردا ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. «5-
ئاينىڭ 9- كۈنى پوسكام ناھىيە يېما يېزا موغۇللا كەنت
قورۇسى قاينام- تاشقىنلىققا چۆمدى»، «يېقىندا يەكەن نا-
ھىيە پەكچى يېزا قۇمئېرىق كەنتىدىكى ئاھالىلەر بۇ كەنت-
تىكى ياشلارنىڭ يەكەن ناھىيەلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپتە ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە ھەقسىز تەربىيەلىنى-
دىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشتىن تولىمۇ خۇشال بولۇشتى»
دېگەن مىساللاردا «پوسكام نەھىيە»، «يېما يېزا»، «مو-
غوللا كەنت» دېگەن سۆزلەر ۋە «يەكەن ناھىيە»، «پە-
كچى يېزا» دېگەن سۆزلەر قوشۇمچىسىز تىزىپ قويۇ-
لۇپ، قوشۇمچىلارنىڭ بۇ جۈملىدىكى يەر- جايلارنىڭ تە-
ۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى نەزەردىن
ساقىت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جۈملىلەر سۆز تىزمىسىغا
ئايلىنىپ قالغان. مېنىڭچە بۇ جۈملىلەرنى تەھرىرلىگەندە
«5- ئاينىڭ 9- كۈنى پوسكام ناھىيەسىنىڭ يېما يېزىسى
موغوللا كەنتى قورۇسى قاينام- تاشقىنلىققا چۆمدى»، «يې-
قىندا يەكەن ناھىيەسىنىڭ پەكچى يېزىسى قۇمئېرىق كەنتى-
دىكى ئاھالىلەر بۇ كەنتتىكى ياشلارنىڭ يەكەن ناھىيەلىك
كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشقا ئورۇنلىشىش بو-
يىچە ھەقسىز تەربىيەلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ
خۇشال بولۇشتى» دەپ تەھرىرلەش كېرەك.

«لو ۋىنفۇ بىر نەچچە قېتىم، ۋاڭ مېڭ ئالدى بىلەن
بىر شائىر، ئاندىن كېيىن يازغۇچى دېگەنىدى» دېگەن
جۈملىدە تىنىش بەلگىلىرى جايىنى تاپالمىغان، چېكىت،
پەشلەر قالايمىقان ئىشلىتىلگەن، يەنى «لو ۋىنفۇ بىر
نەچچە قېتىم» دېگەن سۆزدىن كېيىن بىر ئورۇنسىز پەش
قويۇلغان، «ۋاڭ مېڭ ئالدى بىلەن بىر شائىر، ئاندىن
كېيىن يازغۇچى دېگەنىدى» دېگەندە «كېيىن» سۆزى
ئارتۇقچە بولغانىنىڭ ئۈستىگە، «يازغۇچى» دېگەن
سۆزدىن كېيىن پەش قويۇلۇشى كېرەك ئىدى.

«مەريەمخان مومايىنىڭ ئۆيى باشقا ئۆيلەردىن ئې-
گىزرەك بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بورانىنىڭ ھۇشقۇيتقان
ئاۋازىدىن چۆچۈپ دېگۈدەك ئويغىنىپ كەتتى» دېگەن
جۈملىگە قارايدىغان بولساق، جۈملىدە بورانىنىڭ ئاۋازى-
دىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكىنى مەريەمخان موماي
ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆيى بولۇپ قالغان. مۇھەررىر بۇ
جۈملىنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا سەل قارىغانلىقتىن،
مۇشۇنداق لوگىكىغا ياتمايدىغان ئۇقۇم پەيدا بولۇپ
قالغان. بۇ جۈملىنى «مەريەمخان مومايىنىڭ ئۆيى باشقا
ئۆيلەردىن ئېگىزرەك بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بورانىنىڭ
ھۇشقۇيتقان ئاۋازىدىن ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى»
دەپ ئۆزگەرتىش كېرەك.

بولۇپمۇ ھازىر تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ تەھرىرلىكىدە
مەسىلە بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى،
مۇھەررىرلەرنىڭ ئەسلي ئەسەرگە قارىغۇلارچە ئېسىلىۋېلىپ،

ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە سەل قارىغانلىقى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلانمىغانلىقى سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. «خۇا گۇاڭلىن 2013-يىلى ۋەيران بولغاندىن باشلاپ تاكى 2016-يىلى جىنايەت يولىغا ماڭغانغا قەدەر بولغان ئۈچ يىل جەريانىدا...» دېگەن جۈملىگە قارىساق، ئورۇنسىز ئىشلىتىلگەن سۆزلەر خېلى كۆپ. بۇ جۈملىنى «خۇا گۇاڭلىن 2013-يىلى ۋەيران بولغاندىن باشلاپ 2016-يىلى جىنايەت بولىغا ماڭغانغا قەدەر...» دېسەكلا ھەرقانداق ئادەم ئىككى سانىنى سېلىشتۇرۇپلا ئۈچ يىل ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ، بۇ يەردىكى «تاكى»، «بولغان ئۈچ يىل جەريانىدا» دېگەن سۆزلەرنى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ.

«... قۇمىبرىق كەنتىدە 80-، 90-يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، ئەمما تېخنىكا-ماھارەت بىلمەيدىغانلىقىنى ئىگىلەپ...» دېگەن جۈملىدىكى «80-، 90-يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان ياشلار» دېگەن نېمە گەپ؟ زادى 80-يىلىدىن كېيىن تۇغۇلغانمۇ ياكى 90-يىلىدىن كېيىن تۇغۇلغان ياشلارمۇ؟ يۇقىرىقىدىكى جۈملىدىكى بويىچە «90-يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان ياشلار» بولسا، 2000-يىللىردا تۇغۇلغانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە خەنزۇچىدىكى «80后، 90后» دېگەن سۆزلەر خەنزۇچىدىن خەت بويىچە تەرجىمە قىلىنىپ، ئەينەن تەھرىرلىنىپ، مۇشۇنداق لوگىكىلىق خاتالىق پەيدا قىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكىسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-ۋە 90-يىللىرىدا تۇغۇلغان ياشلارنى كۆرسىتىدۇ، چۈشەنمەي تۇرۇپ تەرجىمە قىلىش، چۈشەنمەي تەھرىرلەش تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق خاتالىقلار يۈز بېرىۋاتىدۇ.

تىلغا پىششىق بولۇش تەھرىرلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشنىڭ ئاساسى، شۇڭا مۇھەررىرلەر تىلنى پىششىق ئۆگىنىشى، بولۇپمۇ تىلنىڭ گىرامماتىكا، لوگىكا قىسمىنى پىششىق ئۆگىنىشى كېرەك. تەھرىرلىكتە سۆز-جۈملىلەرنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە دەل جايىدا ئىشلىتىلىشىگە، ئاتالغۇلارنىڭ بىردەكلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھازىر بىز ئەسەرلىرىمىزدە ئوخشاش بىر ئاتالغۇنىڭ بىر نەچچە خىل ئېلىنىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، «قەشقەر شەھىرىنىڭ قەدىمىي شەھەر رايونىدا 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش خاتىرىسى» دېگەن جۈملىدە 5A دېگەن سۆزدىكى بەش دېگەن سان رەقەم بويىچە، «A» دېگەن ھەرپ لاتىن يېزىقى بويىچە يېزىلغان، بىراق شۇ ژۇرنالدىكى «قەدىمىي شەھەرگە كىرىش» دېگەن ماقالىدە بۇ ئاتالغۇ باشقىچە ئېلىنىپ، لاتىن يېزىقىدىكى A ھەرپىدىن بەشى تىزىپ قويۇلۇپ، «AAAAA» قىلىپ يېزىلغان. بۇ يەردە يەنە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، تەھرىرلىكتە سۆز-جۈملىلەرنى ئىخچاملاش ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا «ساياھەت مەنزىرە رايونى» دېگەننى «سەيلىگاھ» دەپلا ئالساق، ھەم چۈشىنىشلىك ھەم ئىخچام بولىدۇ. بەزى گېزىت-ژۇرناللاردا سەيلىگاھقا ئائىت ئاتالغۇلار ھەر خىل ئېلىنىۋاتىدۇ، يەنى «ساياھەت نۇقتىسى، سەيلىگاھ، مەنزىرە نۇقتىسى، ساياھەت مەنزىرە رايونى» دېگەندەك. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىخچاملاپلا «سەيلىگاھ» دېيىش ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

تەھرىرلىكتە تىلنىڭ ساپلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم، بىراق قارىغۇلارچە سۆز ياساپ ياكى ئىشلەتىپ، ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كېتىشكە، تىلىمىزنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە، ئىپادىلەش ئەنئەنىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ھازىر بەزى مەتبۇئاتلاردا «باللار باغچىسى» دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى باللار باغچىسى ئەمەلىيەتتە يەسلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنى زورمۇزور ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، «باللار باغچىسى» دەپ ئالساق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، چۈنكى تىلىمىزدىكى «باغچە» سۆزى گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخلەر بىلەن تولغان، مۇھىتنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان، كىشىگە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، مەلۇم كۆلەم ھاسىل قىلغان جاينى كۆرسىتىدۇ، يەسلىلەر بولسا بالا تەربىيەلەشنى ئاساس قىلغان ئورۇن.

مېنىڭچە مەيلى تەرجىمىدە بولسۇن، مەيلى تەھرىرلىكتە بولسۇن، بىز مۇشۇنداق ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئىشلىتىۋاتقان سۆز-جۈملىلىرىمىزنىڭ ماھىيىتىنى لوگىكىغا، چىنلىققا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى دەڭسەپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات ئىشخانىسىدىن)



# ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئازنىلاش ئادىتى

مۇھەممەتجان تىلىۋالدى

ئازنىلاش ئاساسەن ئاياللارنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت شەكلى. ئۇ ياتلىق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ئازنا (يەنى جۈمە) كۈنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاتا - ئانىسىنى يوقلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى ئازنىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى تاساددىپىي ھادىسە ئەمەس بەلكى نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ تەلىپى بىلەن تەبىئىي ھالدا بارلىققا كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بايان قىلىشىچە، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلاردا بىر ئاي تۆت ھەپتىگە بۆلۈنمىگەندىن سىرت، ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ ئېتىمۇ بولمىغان. ئۇ يەنە «تۆركۈن - ياتلىق قىلىنغان قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى، قىز تۆركۈنگە كەلدى — ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى» دېگەن. ئەمما «تۆركۈن»نىڭ ھەپتىنىڭ قايسى كۈنىگە توغرىلانغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بەرمىگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ياتلىق قىلىنغان قىزلارنىڭ «تۆركۈن»گە كېلىشىگە مەخسۇس كۈن بېكىتىلمەيلا قالماستىن، مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدىمۇ بېكىتىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى چاغلاردا، ئەرەبلەرنىڭ جۈمە (جەم بولۇش، يىغىلىش) كۈنى دەم ئېلىش ئادىتى تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ، «جۈمە» بىلەن مەنداش بولغان «تۆركۈن»مۇ شۇ كۈنگە مۇقىملاشقان ۋە ئەرلەر بىر جامئە مەسچىتكە يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان بۇ كۈن ئاياللارغا نىسبەتەن «ئازنا» دېيىلگەن. «ئازنا» پارسچە «ئازىنە»نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى بولۇپ، مەنىسى ئوخشاشلا «جۈمە، جەم بولۇش، يىغىلىش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «تۆركۈن» بىلەن ئۇقۇمداش سۆزدۇر. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام ئەقىدىچىلىكىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆز تىلىمىزدىكى «تۆركۈن»

نى پارسچە «ئازىنە» دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەن ۋە ئۇنى دەم ئېلىش كۈنى قىلغان. «ئازنا ئاخشىمى (پەيشەنبە چىقار، جۈمە كىرەر كېچىسى) تۆرەلگەن بالا ئاقىل، ئۇلۇغ، مەرتىۋىلىك ۋە بەختلىك بولىدۇ» دەپ قاراپ، شۇ كېچىنى جىما (ئەر-خوتۇنچىلىق) قىلىدىغان كېچە قىلىپ بېكىتكەن. ئەتىسى ئەتىگەندە غۇسلى قىلىپ (يۇيۇنۇپ)، ئەرلەر دەم ئالغاچ جۈمە نامىزى ئوقۇشقا تەييارلانسا، ئاياللار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنا قىلىپ بېرىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ بۇ ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك «ئازنىدا ئاناڭغا باق، يەكشەنبىدە ئاتاڭغا باق»، «خوتۇن ئۆيىگە بارمىسا، قېيىنئانامنىڭ كۆكسى چىڭقىلىپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش ماقال-تەمسىللەر بار.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئازنىلىق پائالىيىتى ئادەتتە مۇنداق ئېلىپ بېرىلىدۇ: يېڭىدىن ياتلىق قىلىنغان ئاياللار توي بولۇپ، بىر قانچە كۈندىن كېيىنكى ئازنا كۈندە (ئادەتتە توينىڭ ئۈچىنچى كۈندىن يەتتىنچى كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئازنا كۈنى ئاساس قىلىنىدۇ) قېيىنئانىسى، ئېرى ۋە شۇ ئائىلىدىكى ئاچا-سىڭىللارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كۆرۈشۈشكە بارىدۇ. بۇ كۆرۈشۈش يەنە «چىللاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قىز بىلەن ئاتا-ئانىنىڭلا ئەمەس، قۇدىلارنىڭمۇ تويدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشى، ئەھۋاللىشىشى بولۇپ، قىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قورۇنماي كېلىشى ئۈچۈن يول ئاچىدۇ ھەمدە قۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، يېقىنلىقنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۇ پائالىيەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. بىرەر قوينىڭ بېشى كېسىلىپ، تويدىن پەرقلىق ھالدا سىنچاي، قايماق چاي، ھالۋا، لەغمەن، شورپا، چۆچۈرە، پېتىر مانتا، كاۋاپ، پولو قاتارلىق تاماقلار ئېتىلىدۇ. قۇدىغا زەللە يۆگىلىدۇ. ئىككى تەرەپ مۇڭدىشىدۇ، سىردىشىدۇ، يېقىنلىشىدۇ، «ئۆز»لىشىدۇ. كېلىننىڭ چېچى تاراپ ئۆرۈلىدۇ. «ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دېگەن ئەقىدە بويىچە قېشىغا ئوسما قويۇلۇپ، يۈزىگە يىپ سېلىنىپ، كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىلىپ، توي كۈنىدىكىدەك ئىسكەتلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇپا-ئەڭلىك سۈرتۈپمۇ قويىدۇ. بۇ ئۇنىڭ «چوكان» بولغانلىقىنىڭ يەنە بىر بەلگىسى سانىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا قىز بالىنىڭ تويدىن بۇرۇن يۈزىگە يىپ سېلىشى ۋە باشقا پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنغان. قىزنىڭ تويدىن كېيىنكى ياسىنىپ-تارىنىشى پۈتۈنلەي ئېرى ئۈچۈن بولغاچقا، قىزنىڭ ئانىسى بۇ جەھەتتە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ كېلىن ھەر جۈمە كۈنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنىلاشقا بارسا بولىدۇ. بۇنداق ھالەت تاكى ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولغۇچە داۋاملىشىپلا قالماستىن ئاتا-ئانىسى تۈگەپ كەتسە ئاكىلىرىنىڭ (ئاچىلىرىنىڭ ئەمەس) ئۆيىدە داۋاملىشىۋېرىدۇ. دەسلەپ ئۆزى يالغۇز (ياكى ئېرىنىڭ سىڭلىسى بىلەن) ئازنىلىغان بولسا، كېيىنچە باللىرىنى بىللە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى پائالىيەت تۇنجى قېتىملىق ئازنىلىقتىن پەرقلىنىدۇ. ئانىلار مۇشۇ كۈنگە ئاتاپ ساقلىغان ئەڭ ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان قىلىدۇ. قىز بىلەن ئاتا-ئانا، بىر تۇغقانلار بىرلىكتە غىزالىنىش، ھال-مۇڭ بولۇش، سىردىشىش، كەم قالغان ئىشلىرىنى بىرلىكتە قىلىش ئارقىلىق ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈلىدۇ،



MIRAS



قىزغا تەلىم ـ تەربىيە بېرىلىدۇ. يەنى ياتلىق بولغان قىزلار ئانىسى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىغا هال ئېيتىپ ئۆگۈت ـ نەسىهەت ئاڭلايدۇ، ئۆينى قانداق تۇتۇش، ئەرگە ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىپ ئاشۇ ئائىلىگە مەڭگۈلۈك «سىڭىپ» كېتىش هەققىدە مەسلىهەت ئالىدۇ، ئەقىل ئۆگىنىدۇ. بۇ هەقتە كىلاسسىك ئەسەرلەردە ئانىنىڭ قىزىغا مۇنداق نەسىهەت قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ: «قىزىم، ساڭا بەزى نەسىهەتلەرنى بېرەي، ئۇلارنى ياخشى ئۆگىنىپ چىرايلىق ئەمەل قىلساڭ، ئۆمۈر بويى راهەتتە ياشايسەن. ئۆمۈر يولدىشىڭ بىلەن هېچقاچان ئاراڭلار بۇزۇلمايدۇ.

1 . قانائەتلىك بول! يەنى، ئۆمۈر يولدىشىڭ كەلتۈرگەن ئوزۇق ـ ئوقەت، كىيىم ـ كېچەكنىڭ هەممىسنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىل. چۈنكى، قانائەت قەلبكە هۇزۇر۔ هالاۋەت بېغىشلايدۇ.

2. ئېيتىلىۋاتقان گەپلەرنى دائىما دىققەت بىلەن ئاڭلا ۋە هەمىشە ئىتائەتتە بول. ئۆمۈر يولدىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمە، ئۇنىڭ بىلەن هەمپىكىر ۋە بىر نىيەتتە بولۇشقا هەرىكەت قىل.

3. ئۆمۈر يولدىشىڭنىڭ كۆزى چۈشۈشى مۇمكىن بولغان هەممە جايغا ئېتىبار بەر. شۇنداق قىلغىنكى، ئۇنىڭ كۆزى زىنهار قالايمىقان هالەتلەرگە چۈشمىسۇن.

4. يامان هىد (پۇراق) چىقىش ئېهتىمالى بولغان نەرسە ۋە يەرلەرگە دىققەت قىل. ئۇلارنى تېپىپ تازىلا. ئۆيۈڭدىن هەر دائىم خۇشبۇي هىدلار تارىلىپ تۇرسۇن.

5. شۇنى ياخشى بىلگىنكى، تازىلىق ۋە لاتاپەت سۇغا باغلىق. هەر قانداق نەرسە سۇ بىلەن پاكىز بولىدۇ. ئۆيدە سۇلارنىڭ پاكىز تۇرۇشىغا ئەهمىيەت بەر.

6. ئېرىڭنىڭ تاماقلىنىش سائىتى بىلەن ئۇيقۇ ۋاقتىغا دىققەت قىل. تاماقنى هەمىشە ئۇنىڭ ئادىتى بويىچە تەييارلا. ۋاقتىدا ئۇخلاش ئۇچۇن ئىشلىرىڭنى ۋاقتىدا تۈگەت. چۈنكى، ئاچلىق كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. ئۇيقۇسىزلىق بولسا خاپىلىققا سەۋەب بولىدۇ.

7. ئۆيۈڭدىكى مال ـ مۈلۈك ۋە جاهازدىلارنى ئېهتىيات قىل. بۇ سېنىڭ تېجەشلىكىڭنى كۆرسىتىدۇ.

8.ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرىغا چىرايلىق مۇئامىلىدە بول. بۇ خىسلەت سېنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرىدۇ.

9.ئېرىڭنىڭ سىرلىرىنى زىنهار بىراۋغا ئېيتما. ئەگەر سىرلىرىنى ئەتراپقا يايىدىغان بولساڭ، سەندىن رەنجىيدۇ. بىۋاپالىق يولىغا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن.

10. ئېرىڭنى هۆرمەت قىل. بۇيرۇقلىرىنى بېجىر، گەپ قايتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقما. ئەگەر قارشى تۇرۇپ ئىسيان كۆتۈرسەڭ، ئاچچىقى كېلىپ رەنجىشكە، هەتتا دۈشمەن كەبى هەرىكەت قىلىشىغا سەۋەب بولىسەن. ئېرىڭ غەمكىن ۋە خاپا بولغان ۋاقتىدا ئۆزۈڭنى خۇرسەن تۇتما. ئۇنىڭ غەم ـ تەشۋىشىگە شېرىك بول. ئۇ خۇرسەن بولسا، سەن هەم شۇنداق كەيپىياتتا بولۇشقا هەرىكەت قىل...»

ئازنىلىقتا يەنە ئاياللار ئېرىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا «يامان بولىدۇ»غان ئىچ كىيىملىرىنى يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، بوخچىسىغا چېگىدۇ (مۇتلەق كۆپچىلىك كېلىنلەر بىر ـ ئىككى باللىق بولغاندىن كېيىن، بالىلىرى بىلەن ئېرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ ئالغاچ كېلىپ يۇيۇپ ئەپكېتىدۇ). قايتىدىغان چاغدا، ئېرىگە نېسۋە ئۈچۈن بىر لېگەن تاماق ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ ئادەت مەڭگۈلۈك بولۇپ، كېلىنلەر ئازنىلاشقا قۇرۇق قول بېرىپ، «نېسۋە» ئېلىپ قايتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر توي قىلىپ خېلى يىللارغىچە تەكلىپسىز خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بىللە ئازنىلاشقا

2016.6

بارمايدۇ. بۇنىڭدا «ئىززەتنى ساقلاش» كۆزدە تۇتۇلغان.
ئەر ـ خوتۇننىڭ «تىنىقى ـ تىنىقىغا كېلىپ» ئىككى جەمەتنىڭ
«سۇيى ـ چۆپى ئېلىشىپ» كەتكەندىن كېيىن بولسا، ئەرلەر
ھەر جۈمە كۈنى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بىللە ئازنىلاشقا
بارىدۇ ۋە تاقەت ـ چامىنىڭ يېتىشىچە ئۇنى ـ بۇنى ئالغاچ
بېرىپ «كۆيۈئوغۇللۇقنى يەتكۈزىدۇ».

ئۇيغۇرلاردا ئاتا ـ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەن قىز ـ ئا-
ياللار ئازنا كۈنى ئوخشاش ۋاقىتتا ئاكىسى ياكى تاغىسىنىڭ
ئۆيىدە ئازنىلىق قىلىدۇ. بۇ ئازنىلىقتا قېرىنداش ئاچا ـ
سىڭىللارنىڭ ئازنىلىقى ئۈچۈن مەركەز بولغان ئۆي تەبى-
ئىي ھالدا ھەممەيلەننىڭ نەزەرىدە چوڭ ئۆي ھېسابلىنى-
دۇ. بۇ ئۆيدىكى ئايال ئازنا كۈنى ياكى ئازنىلاشقا كېلى-
شىپ قويغان كۈنى ۋە ياكى ھېيت ـ ئايەمنىڭ تۇنجى كۈ-
نىدە مېھمان بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئىشىك تۈۋىدىن
قۇرۇق قايتىپ، غېرىبسىنىپ قېلىشىدىن، ساقلىنىش ئۈچۈن
ھېچ يەرگە بارماي ئۇلارنى ياخشى كۈتۈشنىڭ تەييارلىقىنى
قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە، دى-
لىنى چىگىپ قويماسلىققا تىرىشىدۇ.

ئۇيغۇر ئائىللىرىدا ئازنىلاش ئادەتتە ئانا ـ بالا ۋە
يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا داۋاملىشىدىغان پائالىيەت
بولغاچقا، مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ ئازنىلىق مۇناسىۋەت دائىرى-
سىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار
ئارا مۇناسىۋىتى، ئىناۋەت ـ ئابرۇيى، جەمەت ئەزالىرىنىڭ
مۇناسىۋەت دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ
ھەقتە تۇرمۇشىمىزدا «ئازنا ـ پەيشەنبە ئۆتكۈزمەك»،
«ئازنىلىق قىلماق» دېگەندەك تۇراقلاشقان ئىبارىلەرمۇ
خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئازنىلاشقا بارىدىغان
يېرى، ئازنىلاشقا كېلىدىغان مېھمىنى يوق ئايال ئەڭ
غېرىپ ئايال بولۇپ، باشقىلارنىڭ نەزەرىدىمۇ بىچارە سا-
نىلىدۇ. ئازنىلاشقا بارىدىغان يېرى، ئازنىلاشقا كېلىدىغان
مېھمىنى كۆپ ئايال ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، مېھ-
ماندوست سانىلىپ، شۇ جەمەت دائىرىسىدىكى ھەممىنىڭ
غەمگۇزارى، تەربىيەچىسى دەپ قارىلىدۇ. شۇ ئايال
مەنسۇپ بولغان جەمەت كىشىلىرى ئۆم ـ ئىناقلىقى بىلەن
تەرىپلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ ئازنىلاش ئادە-
تىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق، مەدەنىيەت قارىشى، ئىناق-
لىق، ۋاپادارلىق چۈشەنچىسى، بەختلىك ئائىلە قۇرۇش،
ئاتا ـ ئانا، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئېڭى قاتارلىق كۆپ
خىل مەدەنىيەت ئېڭى مۇجەسسەملەنگەن.

ئۇزاق تارىخىي جەرياننى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تەبىئىي ھالدا ئومۇمىي-
لىقا، ئاڭلىق ھەرىكەت مىزانىغا ئايلىنىپ مۇنتىزىملاشقان،
قېلىپلاشقان بۇ خىل ئادەتنى بۈگۈنكى كۈندە مۇتلەق
كۆپچىلىك ئۇيغۇرلار ئەينەن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.
ئەمما، زامانىمىزدىكى بىر قىسىم ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۇ-
پەيلى ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ ئازنىلاش ئادىتىدە ئازدۇر-
كۆپتۇر ئۆزگىرىش بولدى. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە ئايال-
لارنىڭ جەمئىيەتكە يۈزلىنىش قەدىمىنىڭ تېزلىششى بىلەن
ئاياللار ئائىلىدىكى ئاياللىق مەسئۇلىيتىنى ئادا قىلىشتىن
باشقا يەنە ئائىلىدىن ھالقىپ چىقىپ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى
تونۇش، رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيتىگە ئېرىشتى.
مۇنتىزىملاشقان تۈزۈم شارائىتىدا زېھنىي قۇۋۋىتىنى
خىزمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىغا سىڭ-
دۈرۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئەنئەنە تۈسنى
ئالغان بۇنداق ئازنىلاش پائالىيتىگە سەرپ قىلىدىغان
ۋاقىت، پۇرسەتلىرى ئازايدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت جە-
ھەتتىنمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، شەنبە، يەكشەنبە، ھېيت ـ
ئايەم ۋە باشقا بايراملاردىكى دەم ئېلىش مەزگىلى،
ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنكى قىسقا پۇرسەتلەر ئۇلار
ئۈچۈن ئالدىراشلىق ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى مۇۋاپىق
ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدىكى ئازنىلىق قىلىشنىڭ قىممەتـ-
لىك ۋاقتىغا ئايلاندى...

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


(1) مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» «شىنجاڭ
مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 2015 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

(2) ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ
تەمسىللىرى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 1 ـ
نەشرى.

(3) رىزائۇددىن ئىبنى پەخرىددىن قاتارلىقلار: «سوۋغات»
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

(4) «قەشقەر» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 2 ـ سانى.

(5) «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 4 ـ سانى.


(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە،
دېھقان)



# چاقىلىقنىڭ كارۋان يوللىرى

غالىب بارات ئەرك

يىپەك يولى شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئالاقىسىنى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. قەدىمكى ئىران، ھىندىستان ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ يىپەك يولىدا، شۇنداقلا يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولغان تارىم ۋادىسىدا ئۇچرىشىپ، سىڭىشىپ، بۇ جاينىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئەينى تارىخىي دەۋردە كارۋانلارنىڭ كولدۇرمىلىرى يىپەك يولىدا جاراڭلاپ ئىنسانلارنى ئويغاتقان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە ھەم ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. يىپەك يولىنىڭ تارىخى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن ياپونىيەلىك ناكازاۋا كازاتوشىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «يىپەك يولى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئارتېرىيە تومۇرى، شۇنداقلا دۇنيا تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئوقى... يىپەك يولى دۇنيادىكى ئاساسىي مەدەنىيەتلەرنىڭ ئانىسى، شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرغۇچى كۆۋرۈك» بولۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى ۋە مەدەنىيەت تەسىرلىرىنىڭ كېڭىيىشىدىكى رولى بىقىياستۇر. يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان كروراننىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى يىپەك يولىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىي تارماقلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

يىپەك يولىنىڭ بىرقانچە تارمىقى كروران تەۋەسىدىن ئۆتۈپ يىراق-يىراقلارغا سوزۇلغان. كرورانلىقلار يىپەك يولىنىڭ راۋان بولۇشى ئۈچۈن، قاتناش، يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ، تىلماچ ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىنى قامداپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشقان.

«خەننامە»دە كروران رايونىدىكى كارۋان يوللىرى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «قاشقوۋۇق (يۈمىنگۈەن) ۋە كۈنقوۋۇق (ياڭگۈەن)لاردىن چىقىپ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئىككى يول بار، چەرچەن (鄯善)دىن چىقىپ قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالى بىلەن تارىم، ياركەنت دەريالىرىنى ياقىلاپ غەرب تەرەپكە مېڭىپ ياركەنتكە بارىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ». مانا بۇنى ئەڭ قەدىمىي ھەم ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلغان لىنىيە دېيىشكە بولىدۇ. «فاشيەن تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، فاشيەن قاتارلىق بەش كىشى دۇنخۇاڭدىن چىقىپ 17 كۈندە 1500 چاقىرىم يول مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ چەرچەن ئېلىگە بارغان، بۇ يەردە بىر ئاي تۇرغان ۋە بۇ يەردىن غەربىي شىمالغا 15 كۈن يۈرۈپ ئاگىنىغا بارغان. مۇشۇ لىنىيەدە

يۈرگەن داڭلىق كىشىلەردىن شۈەنزاڭ (7 ـ ئەسىر)، گاۋ جۈخۈي (10 ـ ئەسىر)، ماركوپولو (13 ـ ئەسىر) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. شۈەنزاڭنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن خاتىرىلەنگەن «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە يېزىلىشىچە، قۇستانا (خوتەن)، بىمبالىق، نىران (نىيا)دىن ئۆتۈپ چالمادانا (ھازىرقى چەرچەن)گە كەلگەن ۋە بۇ يەردىن شەرققە 1000 چاقىرىم يۈرۈپ ۋەيران بولغان نوپ ئېلىگە كەلگەن. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەھمۇد كاشغەرىي چەرچەن توغرۇلۇق «چۇرچان. چىن يولىدىكى مۇسۇلمانلار چېگراسىنىڭ بىرى» (مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 331 ـ بەت) دەپ يازغىنىغا قارىغاندا، شۇ زاماندا بۇ تارماق لىنىيە «چىن يولى» دەپ ئاتالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. «ماركوپولونىڭ ساياھەتنامىسى»دە يېزىلىشىچە، ماركوپولولار چەرچەندىن چىقىپ بەش كۈن يول يۈرۈپ لوپ شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. تۈرلۈك خاتىرىلەردىن كۆرە، بۈگۈنكى كۈندە تەتقىقاتچىلىرىمىز تەتقىقاتلىرىدا ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى يازمىلار ۋە تۈر (تىم)لارنىڭ ئىزلىرى ئارقىلىق كارۋان يوللىرىنى تېپىپ چىقىپ، بۇ ساھەدىكى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى، «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ 1992 ـ يىللىق تومىنىڭ تېتولىغا يىپەك يولىنىڭ خەرىتىسى بېرىلگەن، ئۇنىڭدىن قارىغاندا كىروران رايونىدا مۇنداق بىر قانچە لىنىيە بولغان:

بىر تارماق يول، دۇنخۇاڭدىن چىقىپ لوپ كۆلى بويىدىن LK خارابىسى (سۈن ھىدىن تاپقان خارابىلىك نامى) ئارقىلىق مۇران بوستانلىقى بىلەن چاقىلىق بازىرىغا تۇتاشقان. يەنە بىر تارماق لوپ كۆلى بويىدىن كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ لوپنۇر ناھىيەسى تەۋەسى بىلەن بۈگۈر، كۇچالارغا تۇتاشقان، بىر تارماق كۆنچى دەرياسى ۋە قۇرۇقتاغ قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ توقسۇن ـ تۇرپانلارغا تۇتاشقان.

«شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يوللىرى ۋە قاتناش تارىخى» ناملىق كىتابتا، تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى ئىككى لىنىيە يەنى جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول توغرۇلۇق چىقارغان يەكۈننى ھازىرقى جاي ناملىرى بىلەن كۆرسەتسەك مۇنداق: (جەنۇبىي يول) ياڭگۇەن — چەرچەن (قەدىمكى كىروران)دىن غەربكە يۈرۈپ، چالمادانا (ھازىرقى چەرچەن) ئارقىلىق نىيا — ئۆزۈنتات — ئۇدۇن (خوتەن)— (غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ)— ساكارائۇل (ياركەنت)، غەربتە پامىردىن ھالقىپ چوڭ توخرى ۋە ئارساكقا بارغان. شىمالىي يول: يۈمىنگۇەندىن چەرچەن (قەدىمكى كىروران)گە كېلىپ، ئۇ يەرنىڭ شىمالىي ئارقىلىق تۇرپانغا بېرىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن كۇچا — باي — ئاقسۇ — ئونسۇ — كاشغەرگە بارغان، بۇ جايدىن غەربكە يۈرۈپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ پەرغانە ئارقىلىق سوغداقىيانىغا يېتىپ بارغان. مۇشۇ ئەسىردە يەنە چەرچەندىن كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ كورلا رايونىغا بېرىپ يۇقىرىقى تارماق يولغا تۇتاشقانلىقىنىمۇ كۆرسەتكەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قاتناش تارىخى ـ تەزكىرىسىنى تۈزۈش كومىتېتى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يوللىرى ۋە قاتناش تارىخى»، خەلق قاتناش نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 18 ـ بەت).

ئارخېئولوگ ۋارلوك بېرگماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن خەرىتىسىدە، دۇنخۇاڭدىن چاقىلىق ناھىيەسىدىكى ئاياغقۇم كۆلىگە تۇتۇشۇپ، ئۇ يەردىن چاقىلىق بازىرىغا تۇتىشىدىغان بىر يول بار. بېرگماننىڭ سىزغان خەرىتىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىچە، ئاياغقۇم كۆلى ئەتراپىدا شەھىرى سابىز دەيدىغان بىر شەھەر بولغان. ئەمەلىيەتتە ئاياغقۇم كۆلىدىن چاقىلىق بازىرىغا تۇتاشقان يول ھازىرقى ۋاقىتلاردا چارۋىچىلار ماللىرىنى چاقىلىقتىن تاغدىكى يايلاققا ئېلىپ چىقىش ياكى ئېلىپ چۈشۈشتە ماڭغان لىنىيە بولۇپ 1955 ـ يىللىرىدىن 2005 ـ يىللىرىغىچە ئىشلىتىلگەن دۆلەت 315 ـ تاشيولىنىڭ (كونا) لىنىيەسى بىلەن بىر بولۇشى مۇمكىن. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، 8 ـ ئەسىرلەردە تارىم ۋادىسىغا بېسىپ كىرگەن تۈبۈتلەر ئالدى بىلەن ئاياغقۇم كۆلى رايونىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن چاقىلىق رايونىغا كىرىپ مۇران كونا شەھىرىنى مۇھىم سىياسىي، ھەربىي ئىشلار مەركىزى قىلغان، مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، 8 ~ 9 ـ ئەسىرلەردە بۇ تارماق لىنىيە مۇھىم قاتناش يولىغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن.

يىپەك يولىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال لىنىيەلىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 15 ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىغىچە ناھايىتى مۇھىم قاتناش لىنىيەسى بولۇپ راۋاج تاپقان، لېكىن دېڭىز ئۈستى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادا تەپرىقىچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى سەۋەبلىك تەدرىجىي

قۇرۇقلۇق يېپەك يولى خارابلاشقان، ئۇنىڭ ئورنىنى
دېڭىز قاتنىشى ئىگىلىگەن. شۇ سەۋەبلىك يىپەك يولىنىڭ
كىروران رايونىدىكى تارماق لىنىيەسىنىڭ چۆلدەرىشى ۋە
مۇشۇ لىنىيەدىكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى ئاخىرقى
ھېسابتا مۇشۇ يول بىلەن بولۇۋاتقان مەدەنىيەت، سودا ئا-
لاقىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ياكى ئىنتايىن ئازلىشىغا
سەۋەب بولغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىر-
نىڭ باشلىرىدا بۇ لىنىيەدە قاتناش بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆ-
پىيىپ ئىجتىمائىي ئالاقىنى كۈچەيتىشتە بەلگىلىك تەسىر
كۆرسەتتى. 1909 ـ، 1910 ـ يىللىرى تۈزۈلگەن «شىنجاڭ-
نىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە، چاقىلىقتىكى يول مۇساپە-
لەر ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. چاقىلىقتىن كورلىغا
بارىدىغان يول لىنىيەسى مۇنداق: ناھىيە بازىرىدىن شىمال-
غا ئون چاقىرىم يۇرسە خانلالىق (ئەسلىي ئۇيغۇرچە قاذ-
داقلىقى نامەلۇم، بۇ مەھەللىدە 34 ~ 40 ئائىلە دېھقان
بار)، يەنە ئون چاقىرىم يۇرسە چۈشكۈن (二十里铺)،
ئون چاقىرىم يۇرسە تاللىقياقا، 40 چاقىرىم يۇرسە لاچىن-
بوز (بۇ يەردە بىر دۆڭ بولۇپ مۇشۇ يەردىن شەرققە 110
چاقىرىم يۇرسە ئابدال مەھەللىسىگە بارىدۇ)، 50 چاقىرىم
يۇرسە چارا مەھەللىسى، 18 چاقىرىم يۇرسە لوپ كۆۋرۈ-
كى (مەھەللە كۆۋرۈكنىڭ شەرقىدە)، ئىككى چاقىرىم
يۇرسە لوپ لەڭگەر (بۇ يەردىن شەرققە 150 چاقىرىم
يۇرسە تۇزلۇق مەھەللىسىگە، 180 چاقىرىم يۇرسە چاينۇت
مەھەللىسىگە، 120 چاقىرىم يۇرسە تۇغ مەھەللىسىگە، شى-
مالغا 270 چاقىرىم يۇرسە چىكە مەھەللىسىگە بارغىلى بولى-
دۇ)، 20 چاقىرىم يۇرسە ئۇلۇغقۇچۇل، 20 چاقىرىم يۇرسە
قورغان، 51 چاقىرىم يۇرسە قۇچۇل، 50 چاقىرىم يۇرسە
يىكەنبۇلجۇمال، 20 چاقىرىم يۇرسە قارۇناتۇغدى (قارا
ئۇنا تۇغدى، ئادەم ئىسمى بولۇشى مۇمكىن)، 20 چاقىرىم
يۇرسە توقۇم لەڭگەر، 20 چاقىرىم يۇرسە تارقىرچىن، 40
چاقىرىم يۇرسە مىجىتباقەت، 30 چاقىرىم يۇرسە ئارغان
لەڭگەر (مۇشۇ ئەسەردە ئارغان سۆزىگە، ئۇيغۇر تىلىدا
سۇنىڭ ئايرىلغان يېرى دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن ھەمدە
لەڭگەرنىڭ جەنۇبىدا ئارغان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يەنە
بىر يول بىلەن شىمالغا 440 چاقىرىم يۇرسە يېڭىسۇ مەھەل-
لىسىگە بارىدىغانلىقى ئىزاھلانغان)، 20 چاقىرىم يۇرسە ئا-
جارقاچ، 20 چاقىرىم يۇرسە قىياقلىق، 20 چاقىرىم يۇرسە
قارادىي، 20 چاقىرىم يۇرسە جايتۇغان، ئون چاقىرىم
يۇرسە قوشلاش، ئون چاقىرىم يۇرسە تارىم دەرياسى ئار-
قىلىق كۆنچى ناھىيەسى تەۋەسىگە كىرىدۇ (ۋۇ تىڭشىي:
«شىنجاڭنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما»، فاك-
سىمىل نەشرى، 4ـ جىلد، 29 ـ بەتتىكى يول مۇساپىلەرمۇ
ئوخشاش). تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ كۆنچى ناھىيەسى
تەۋەسىگە كىرىپ 30 چاقىرىم يۇرسە ئاندىن دۇرالغا يېتىپ
بارىدۇ. يەنە بىر يول (چاقىلىق تۆمۈرلۈك لىنىيەسى، بۇ
لىنىيە دۆلەت 315 ـ تاشيولى كونا لىنىيەسى بىلەن بىردەك-
لىككە ئىگە)، چاقىلىقتىن 40 چاقىرىم يۇرسە يانداشقاق، 70
چاقىرىم يۇرسە توغراقلىق، 70 چاقىرىم يۇرسە جاھانساي،
50 چاقىرىم يۇرسە چوخەك قەلئەسى، 70 چاقىرىم يۇرسە
ئەۋرەز (بۇ يەردىن ئىككى يول بار، بىرى شىزاڭغا، بىرى
چىڭخەيگە تۇتىشىدۇ)، 20 چاقىرىم يۇرسە قۇمداۋان، 40
چاقىرىم يۇرسە سايۋابۇلاق، 50 چاقىرىم يۇرسە كىچىك
چىمەن، يەنە تۆت مەنزىل يۇرسە تۆمۈرلۈكتىن ئۆتۈپ
موڭغۇللار چارۋا بېقىۋاتقان پاسىلغا بارغىلى بولىدۇ. چاقى-
لىق مەھەللىسىدىن شەرقىي جەنۇبقا 100 چاقىرىم يۇرسە
مۇران، 100 چاقىرىم يۇرسە ئەۋرەزبۇلاق، 100 چاقىرىم
يۇرسە تۆپەۋادان، 50 چاقىرىم يۇرسە قوشتاش، 50 چاقى-
رىم يۇرسە يىلۋاچىمەن، 60 چاقىرىم يۇرسە غازلىقكۆل،
جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 60 چاقىرىم يۇرسە قابدۇبۇلاق، 60 چا-
قىرىم يۇرسە ماڭلاي، 60 چاقىرىم يۇرسە ئۇزۇنشور
(غاشۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 100 چاقىرىم يۇرسە غازلىق دا-
ۋانىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزى، ئۇندىن كېيىن چىڭخەي پاسىلغا
كىرىدۇ. غازلىق داۋانىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىدىن غەربىي جە-
نۇبقا 120 چاقىرىم يۇرسە باغتوقاي، 100 چاقىرىم يۇرسە
مۆتەلقويغان، 120 چاقىرىم يۇرسە ۋاڭباقوشقان ئارقىلىق
ئەسىرداۋانىنىڭ ئالدىدا شىزاڭ پاسىلغا تۇتىشىدۇ. يەنە
بىر يولدا چاقىلىقنىڭ ياقائۆستەڭ دېگەن يېرىدىن شەرققە
بۇرۇلۇپ 25 چاقىرىم يۇرسە قادىرتىلەكدۆڭ، 30 چاقىرىم
يۇرسە يانداشقاق، 90 چاقىرىم يۇرسە تېرەكۆل، 90 چاقى-
رىم يۇرسە مۇران (بۇ يەردە 28 ئائىلە كىشى بار، بۇ
يەردىن شىمالغا 60 چاقىرىم يۇرسە ئابدال مەھەللىسىگە با-
رىدۇ دەپ ئىزاھلانغان)، بەش چاقىرىم يۇرسە كونىشە-
ھەر، 35 چاقىرىم يۇرسە ئىلەك، 50 چاقىرىم يۇرسە دۆڭ-
لۈكئاغزى، 120 چاقىرىم يۇرسە ماندالىق، 110 چاقىرىم
يۇرسە لاۋزا، 50 چاقىرىم يۇرسە قوشلەڭزە، ئۇنىڭدىن
كېيىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدىغان يولغا
چىقىدۇ. چاقىلىقتىن چەرچەنگە تۇتىشىدىغان يول لىنىيە-
سى: ناھىيە بازىرىدىن غەربكە يۇرۇپ ئېگىز ئۆستەڭدىن

ئۆتسە 30 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە تاتىراڭ (123 ئائىلە بار دەپ ئىزاھلانغان)، 15 چاقىرىم يۇرسە قۇيرۇقئاسقان (ئېغىزدا قۇرقاسقان)، 15 چاقىرىم يۇرسە تاتلىقبۇلاق (ئېغىزدا تاتلىغ ئۇلاق)، 30 چاقىرىم يۇرسە جىنلىق، 20 چاقىرىم يۇرسە كالا ئۆلگەن، 30 چاقىرىم يۇرسە ھوشۇرقۇدۇق، 45 چاقىرىم يۇرسە ۋاششەھرى (بۇ يەردە 61 ئائىلە ئادەم بار، ئون چاقىرىم غەربىي شىمالدا كونىشەھەر بار دەپ ئىزاھلانغان)، 20 چاقىرىم يۇرسە ياقاتوغراق، 60 چاقىرىم يۇرسە قەبرەئالدى، 40 چاقىرىم يۇرسە چىڭگىللىك دېگەن يەر بولۇپ كېرىيە بىلەن پاسىللىنىدۇ (يۇەن داخۇا قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ گەنسۇ قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش تەرجىمە قىلىش مەركىزى نەشر قىلدۇرغان خەنزۇچە نۇسخا، 250 ـ بەت. ۋۇ تىڭشىي: «شىنجاڭنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما»، فاكسىمىل نەشرى، 4 ـ جىلد، 29 ـ بەتتىكى يول مۇساپىلەرمۇ ئوخشاش).

1900 ـ يىللىرىدىكى لەڭگەرلەر مۇنداق: كورلا — (80 چاقىرىم)، قىيىر (شىنىغا بولۇشى كېرەك) — (70 چاقىرىم)، ئىنچىكە دەريا (كۆنچى دەرياسى) — (60 چاقىرىم)، چارا (河拉) — (80 چاقىرىم)، ياڭىكۆل — (70 چاقىرىم)، ئۇلۇغكۆل — (70 چاقىرىم)، گۇسلاق — (80 چاقىرىم)، قوشدۆڭ — (60 چاقىرىم)، دۇرال ـ (60 چاقىرىم)، قارادايى — (60 چاقىرىم)، ئارغان — (90 چاقىرىم)، توقۇم — (90 چاقىرىم)، قورغان ـ (40 چاقىرىم)، لوپ — (140 چاقىرىم)، چاقىلىق. دېمەك، ئەينى زامانلاردا لەڭگەر، ئۆتەڭ، دەڭ دېيىلگەن يۇقىرىقى جايلار قاتناشتا سەپەرچىلەرنى قونالغۇ ۋە باشقا مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىن ئەتكەن، مۇشۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا چاقىلىق بىلەن كورلا 13 ~ 14 كۈنلۈك مۇساپە بولغان. چارقىلىقتىن قاراشەھەرگىچە 16 ئۆتەڭ، 1190 چاقىرىم مۇساپە بولغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن تۆۋەندىكى جەدۋەل ھەر بىر لەڭگەرنىڭ ئەھۋالىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرەلەيدۇ:

1917 ـ يىلى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان گومىنداڭنىڭ باج ئەمەلدارى شيې بىن «شىنجاڭغا ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدە چاقىلىقنىڭ چاقىرىم مۇساپىلىرى ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن، بۇ ماتېرىيال 1917 ـ يىلىدىكى ئەھۋاللار توغرۇلۇق بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئەسەردە چەرچەندىن چىقىپ شىمالغا قىيپاش شەرققە قاراپ 20 چاقىرىم يۇرسە بېلىقكۆل، ئۇ يەردىن 40 چاقىرىم يۇرسە ئاقتىكەندۆڭ، ئون چاقىرىم يۇرسە ئىسسىقئوتاق، 50 چاقىرىم يۇرسە تاتىراڭ (60 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق دېھقان ۋە لەڭگەر بار)، تاتىراڭدىن دەريا بويلاپ 70 چاقىرىم يۇرسە سۇبۆسكەن (13 ئائىلە تېرىقچىلىق قىلغان)، تاتىراڭدىن 12 چاقىرىم يۇرسە كونا تاتىراڭ، 43 چاقىرىم يۇرسە شوركۆل، 45 چاقىرىم يۇرسە چوڭكۆل (ئۇزۇنلۇقى 50 چاقىرىم، كەڭلىكى 20 چاقىرىم)، 20 چاقىرىم يۇرسە غازلىقكۆل كونا لەڭگىرى، 25 چاقىرىم يۇرسە پاتمە ئۆلگەن، 22 چاقىرىم يول يۇرسە ئاقتازدۆڭ، 40 يولدەك يۇرسە بۇغابۇلاق، 50 چاقىرىم يۇرسە ياقابۇلاق، چىڭگىللىك (ئون چاقىرىم)، چاپانقالدى (20 چاقىرىم)، ئۇزۇنچاۋا (20 چاقىرىم)، بەل (25 چاقىرىم، چەرچەن بىلەن چاقىلىقنىڭ پاسىلى مۇشۇ يەردە)، ۋاششەھرى كونىشەھرى (35 چاقىرىم، ئۆيلەرنىڭ ئىزنالىرى ھازىرمۇ ساقلىنىپ قالغان)، ۋاششەھرى كەنتىگە كەلگىلى بولىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا ۋاششەھرىدە 51 ئائىلە ئاھالە بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆپى خوتەن، لوپ، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن، 1200 مودىن ئوشۇق تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. ۋاششەھرىدىن چىقىپ 55 چاقىرىم يۇرسە ھوشۇرقۇدۇق، 15 چاقىرىم يۇرسە شورلۇق، 30 چاقىرىم يۇرسە كالا ئۆلگەن، 20 چاقىرىم يۇرسە جىنلىق، 38 چاقىرىم يۇرسە بەشلاق، 20 چاقىرىم يۇرسە تاتلىقبۇلاق، 35 چاقىرىم يۇرسە كاللائاستى، 15 چاقىرىم يۇرسە يېڭى تاتىراڭ كەنتىگە كەلگىلى بولىدۇ. يېڭى تاتىراڭ بىلەن كونا تاتىراڭ مۇشۇ يەردە پاسىللىنىدۇ. 15 چاقىرىم يۇرسە چاقىلىق بازىرىغا، ئۇ يەردىن ئىككى چاقىرىم يۇرسە ناھىيە ئامبىلى يامۇلىغا بارغىلى بولىدۇ.

| | چۇشكۇن | لوپ | قورغان | توقۇم | ئارغان | قارادايى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاتچى | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 |
| ئات سانى | 6 | 6 | 6 | 6 | 6 | 6 |
| ئايلىق چىقىم | ھەر بىر لەڭگەرنىڭ ئايلىق چىقىمى 31 سەر ئىككى مىسقار كۈمۈش بولغان | | | | | |

چاقىلىقتىن شەرققە قاراپ ماڭسا يانداشقاق (70 چاقىرىم)، مۇران كەنتى (120 چاقىرىم)، دۆڭلۈك ـ مۇدۇلۇق (50 چاقىرىم، يېقىنقى زاماندىكى خوڭخۇيى دېيىلگەن بولۇپ يەر شەكلىگە ئاساسەن مۇشۇنداق ئاتالغان)، يۇلغۇنلۇق، قومۇشبۇلاق (110 چاقىرىم)، گاۋلۇزى (120 چاقىرىم)، قوشلەڭزە (70 چاقىرىم)گە بارغىلى بولىدۇ. بۇ يولنىڭ يۆنىلىشى خەرىتە بويىچە بولغاندا، چاقىلىق ~ يانداشقاق ~ مۇران ~ پاختابۇلاق ~ دۆڭلۈك ~ لاۋزا ~ قوشلەڭزە ~ قۇمقۇدۇق ~ يانتاققۇدۇق ~ قوشقۇدۇق ~ توخۇلۇ ئويمانلىقى بولغان.

چاقىلىقتىن شەرقىي جەنۇبقا يۈرسە چىڭخەي شىنىڭغا، غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭسا شىزاڭنىڭ لىخاساغا بارغىلى بولىدۇ. چاقىلىقتىن چىقىپ شەرقىي جەنۇبقا يۈرسە مۇران (100 چاقىرىم)، ئاۋراز (100 چاقىرىم بولۇپ بۇ يەردە توسقاق بار ئىدى)، تۆپەداۋان (100 چاقىرىم)، يىلۋاچىمەن (50 چاقىرىم)، غازلىقكۆل (50 چاقىرىم، يەنە بىر نامى شوركۆل بولۇپ بۇ يەردىن جەنۇبقا قايرىلىدۇ)، قابدۇبۇلاق (60 چاقىرىم)، ماڭلاي (60 چاقىرىم)، غاشۇن (60 چاقىرىم)، يەنە 100 چاقىرىم يۈرگەندە چىمەن تېغى ئېغىزى يەنى چىڭخەي پاسىلىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. يەنە چايدام ئويمانلىقىدىن ئۆتسە چاقىلىقتىن يۈرۈپ 19 ـ كۈنى ئاندىن شىنىڭغا بارغىلى بولىدۇ. چىمەن تاغ ئېغىزىدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭسا باغتوقاي (120 چاقىرىم)، ھېلقاغان (100 چاقىرىم)، ۋاڭباقوشقان (120 چاقىرىم)، قۇمكۆل (200 چاقىرىم) بولۇپ شىزاڭ چېگراسىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، لىخاساغا بىر ئايلىق مۇساپە.

چاقىلىقتىن شىمالغا ماڭسا توغراقلىق مەھەللە، (5 چاقىرىم بولۇپ ئون نەچچە ئائىلە بار)، ئون چاقىرىمدا بىر لەڭگەر بولۇپ ئىككى ئائىلە كىشى بار، يوغاندۆڭ (45 چاقىرىم بولۇپ مۇسۇلمانچە غولسۇنجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ دېيىلگەن)، لوپنۇر كۆلى (45 چاقىرىم بولۇپ توغرىسى تارتما ياكى قارابوران كۆلىدۇر، چەرچەن دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدا، مۇسۇلمانچە قاراۋارا دېيىلىدۇ، قاراۋارا ــ قارىسا باشتىن-ئاياغ سۇلا كۆرۈنىدىغان جايدۇر دېيىلگەن، مۇشۇ يەردە بىر تارماق يول بولۇپ شەرققە ئىككى كۈن يۈرسە 27 ئائىلە بار ئابدال كەنتىگە، يەنە 25 چاقىرىم شەرققە يۈرسە 12 ئائىلە بار تۈز كەنتىگە بارغىلى بولىدۇ)، تارتما كۆلىدىن ئون چاقىرىم يۈرۈپ چوڭ ـ كىچىك بەش كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ لوپقاشقا، يەنە ئون چاقىرىم يۈرسە لوپ لەڭگەرگە بارغىلى بولىدۇ (بۇ لەڭگەردە بىر ئائىلىنىڭ دۇكىنى بار، بۇ يەردە ئون نەچچە ئائىلە 60 نەچچە ئادەم بېلىق تۇتۇپ ھايات كەچۈرىدۇ، بۇ يەردىن بىر تارماق يول بولۇپ شەرققە 50 چاقىرىم ماڭسا چاينۇت مەھەللىسىگە بارغىلى بولىدۇ، بۇ مەھەللىدە ئالتە ~ يەتتە ئائىلە بار. بۇ جايدىن شىمالغا 40 چاقىرىم ماڭسا ئون ئائىلە بېلىق تۇتۇپ، چارۋىچىلىق قىلىدىغان چىكە مەھەللىسىگە بارغىلى بولىدۇ). لەڭگەرنىڭ ئالدى-كەينىدە بىردىن كۆل بولۇپ ئالدىنقىسىنىڭ ئايلانمىسى 50 نەچچە چاقىرىم، كەينىدىكىسىنىڭ ئايلانمىسى ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. لوپ لەڭگەردىن شىمالغا قاراپ شەرققە قىيپاشراق 16 چاقىرىم ماڭسا چۆلگە كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلۇغ قۇچۇل (15 چاقىرىم)، نامور (15 چاقىرىم)، قورغان (20 چاقىرىم) ــ غەربتىن تارىم دەرياسىغا يېقىن كېلىدۇ. قورغاندىن شىمالغا (غەربكە قىيپاشراق) يۈرسە يېكەنبۇلجۇمال (15 چاقىرىم، بۇرۇن لەڭگەر بولۇپ ھازىر ئادەم يوق)، بۇ يەردىن غەربىي شىمالغا يۈرسە تۇرنا تۇغدى (25 چاقىرىم)، توقۇم (20 چاقىرىم، بۇ يەردە قونالغۇ بار)، بۇ جايدىن شىمالغا (غەربكە قىيپاشراق) ماڭسا تارىقچوڭ (15 چاقىرىم)، ئالمانچۇق (13 چاقىرىم)، ئارغامچا باغلىغان (22 چاقىرىم)، ئارغان (20 چاقىرىم، بۇرۇن بۇ يەردە باجخانا بولغان، بۇ يەردە رابات بولۇپ پوچتا ۋە يولۇچىلار مۇشۇ يەردە قونغان، باجخانا كېيىن يېڭىسۇغا كۆچۈرۈلگەن)، تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى لەڭگەرنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئارغاندا تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ 15 چاقىرىم ماڭسا مازارلىققا (بۇ يەر ساتۇغقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ يەردە 30 ~ 40 چاقىرىم كەڭلىكتىكى كۆل بار. يېڭىسۇدىكىلەر بۇ يەرگە كېلىپ بۇغداي، قوناق تېرىغان)، تۇغ مەھەللە (40 چاقىرىم بولۇپ بۇ يەردە پوچتا دېڭى ۋە بىر قانچە ئائىلە ئۆيى بار)، 50 چاقىرىم يۈرسە توغراق بىلەن قاپلانغان ئابدال كۆلى، ئاراتارىم (ئون چاقىرىم)، ئاندىن 77 ئائىلە بار يېڭىسۇ كەنتىگە بارغىلى بولىدۇ. يېڭىسۇدىن 12 چاقىرىم غەربىي شىمالغا يۈرسە ئاراتارىمغا بارغىلى بولىدۇ، ئاراتارىم تارىم دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. 30 چاقىرىم يۈرسە چاقىلىق بىلەن لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ پاسىل تاختىسىغا بارغىلى بولىدۇ،

يولنىڭ ئىككى يېقىغا ياغاچ قاداپ بەلگە قىلىنغان. بۇ يەردىن 28 چاقىرىم يۇرسە 1892 ـ يىلى قۇرۇلغان دۇرال (蒲昌) شەھرىگە بارغىلى، بۇ يەردىن 30 چاقىرىم يۇرسە 140 نەچچە ئائىلە دېھقان بار تىكەنلىككە بارغىلى بولىدۇ، بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى يېڭى ئاھالىلەر ۋە كونا ئاھالىلەر دەپ ئايرىلىدۇ، يېڭى ئاھالىلەرنىڭ سانى ئاز بولۇپ تۇرپان تەرەپتىن كەلگەن. قارا بوران كۆلىدىن چاقىلىققا بارىدىغان مەخسۇس يول بولغاندىن سىرت، يەنە تۇرپانغا بارىدىغان ئىككى يول بولغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرلار بار. زىلىڭ ۋېنىۋۇنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتىنى ئىدارە قىلىش تارىخى» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، 1920 ـ يىللار ئەتراپىدا قاراشەھەردىن كۆنچى ئارقىلىق چاقىلىققا تۇتۇشىدىغان يول مۇساپىسى 1190 چاقىرىم (595 كىلومېتىر) بولۇپ 16 بېكەت (دەڭ، ئۆتەڭ)تە قونۇپ يېتىپ بارغان.

سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيەسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قاقشاللىق (كونا ۋە يېڭى يىڭپەن دەپ ئىككىسى بولۇپ قۇرۇقتاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ سول قىرغىقىدا، ئارىسى 22 كىلومېتىر كېلىدۇ، كونا يىڭپەن بىلەن تۇرپان قاراۋۇلىنىڭ ئارىلىقى 20 كىلومېتىر)دىن تۇرپانغا يول بولۇپ ئادەتتە ئېشەكلىك توققۇز كۈندە، ئاتلىق ئالتە كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، بۇ يولدا ئادەتتە سودىگەرلەر ماڭىدۇ. بۇ يولنىڭ يۆنىلىشىدە توغراقبۇلاق~ ئاسقانبۇلاق ~ سەڭگىر (بۇ يەردە دۇرال ئامبىلى تەرىپىدىن قويۇلغان قاراۋۇل بار) ~ ساپابەگنىڭبۇلىقى ~ ئۇزۇنبۇلاق ~ ئۇزۇنچاق قۇملۇق~ ئاچچىقبۇلاق ~ ئايدىڭكۆل يەنى ھازاي شەھرى (شۇ يەردە قەدىمدە ياشىغان خەلق نامىدىن كەلگەن) ~ تۇرپاندىن ئىبارەت. بەزى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا قاراقوشۇندىن تۇرپانغىچە يەتتە كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان يەنە بىر يولمۇ بار بولۇپ ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

چاقىلىق ـ تۇرپان يولى ــ شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشى تاۋ مۇنىڭ ئوغلى تاۋباۋلىيەن (1862 ــ 1938)نىڭ «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە»، شىيې بىننىڭ «شىنجاڭغا ساياھەت» ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن 1890 ـ يىللىرىدىكى تۇرپان- چاقىلىق كارۋان يوللىرىنى بىلەلەيمىز. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇرپان بىلەن چاقىلىقنى تۇتاشتۇرىدىغان ئۈچ تارماق كارۋان يولى بولغان. بۇلارنىڭ يول يۆنىلىشى مۇنداق: (1) تۇرپاندىن 130 چاقىرىم يۇرسە لۆكچۈن، ئۇ يەردىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 40 چاقىرىم يۇرسە 50 ~ 60 ئائىلە ئۇۋچى بار دىغار، ئۇ يەردىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ھازىر جاي نامى ئۇنتۇلغان جايلاردا بىر كۈندىن ئارتۇق ماڭسا ھىندىقۇش (تاۋ باۋلىيەن كىتابىدا بۇ نامنى 英都尔哥其 دەپ يازغان ۋە 英都尔غا 银银珀石 دەپ، 哥其 غا نۇر دەپ ئىزاھات بەرگەن)، 4 ـ كۈنى مولاممەت، 5 ـ كۈنى ئۇلتورغۇچبۇلاق ياكى مىلتوخسۇنبۇلاق، 6 ـ كۈنى توغراقبۇلاق، بۇ يەردىن تاغ باغرى بىلەن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ماڭسا 7 ـ كۈنى باشتوغراق، 8 ـ كۈنى ئاتمىشبۇلاق، 9 ـ كۈنى بۇرۇتبۇلاق، 10 ـ كۈنى ئۇلۇغتۆمەنتۇبۇلاق (تاۋ باۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 407 ـ بەت). ئۇلۇغتۆمەنتۇبۇلاق دېگەن يەردىن شەرقىي جەنۇبقا يۇرۇپ قاشقۇۋۇققا، غەربىي شىمالغا يۇرسە كورلا رايونىغا، يەنە بىر يۆنىلىش بويىچە قاراقوشۇن كۆلىنى بويلاپ چاقىلىق ئارقىلىق خوتەن- قەشقەرلەرگە بارغىلى بولاتتى. (2) دىغاردىن چىقىپ غەربىي جەنۇبقا 30 چاقىرىم يۇرسە چۆلتاغ، 70 چاقىرىم يۇرسە قىزىلتاغ (بۇ جايدا ئىگەرچە داۋاندىن ئۆتىدۇ)، 80 چاقىرىم يۇرسە ئاشاقبۇلاق (غەربىي جەنۇبىدا قوشىر داۋاندىن ئۆتىدۇ)، 170 چاقىرىم يۇرسە ئۇزۇنبۇلاق (ئارىلىقتا ئات ئۆلگەن داۋاندىن ئۆتىدۇ)، قۇم داۋاندىن ئۆتۈپ جەمئىي 60 چاقىرىم يۇرسە پاسابۇلاق (1966 ـ يىلىدىكى خەرىتىدە پارچەبۇلاق دېيىلگەن)، غەربكە 80 چاقىرىم يۇرسە سەڭگىر (1966 ـ يىلىدىكى خەرىتىدە چىڭگىر دېيىلگەن. ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ كىتابلىرىدا سىنگېر دېيىلگەن. ئەسلىدە سەڭگىر بولۇشى كېرەك. 1892ـ يىلى بۇ يەردە بەش ئائىلە، 30 مو تېرىلغۇ ۋە كۆل بولغان)، 60 چاقىرىم يۇرسە ئازغانبۇلاق، بۇ يەردىن غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ كۆكسۇ داۋاندىن ئۆتۈپ 60 چاقىرىم يۇرسە توغراقبۇلاق، 50 چاقىرىم يۇرسە قاقشاللىق (يىڭپەن) كۆلى، ئۇ يەردىن غەربىي جەنۇبقا 40 چاقىرىم يۇرسە كۆنچى دەرياسى، كۆنچى دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھازىرقى لوپنۇر ناھىيەسىگە تەۋە تىكەنلىككىمۇ، چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە يېڭىسۇغىمۇ بارغىلى، ئۇ يەردىن كورلا ياكى چاقىلىققا بارغىلى بولاتتى (تاۋ باۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ

يىلى خەنزۇچە نەشرى، 408 ـ بەت). (3) تۇرپاندىن 120 چاقىرىم مۇسابە بېسىپ توقسۇنغا بېرىپ، ئۇ يەردىن 70 چاقىرىم يۇرسە سۇبېشى، سۇبېشىدىن غەربىي جەنۇبقا 80 چاقىرىم يۇرسە قارابۇلاق (بۇنى ئايغىربۇلاق ياكى ئارغۇبۇلاق دېگۇچىلەرمۇ بار)، ئۇ يەردىن 60 چاقىرىم يۇرسە ئۇجمەدەك، ئۇجمەدەكدىن غەربكە 20 چاقىرىم مېڭىپ ئاندىن تاغ ئارىسى بىلەن شوربۇلاققا بارىدۇ، شوربۇلاقتىن 100 چاقىرىم يۇرسە چۇچۇكبۇيىلىق، ئۇ يەردىن 60 چاقىرىم يۇرسە ئەسكىشەر (بۇ يەردىن شەرققە 150 چاقىرىم يۇرسە سەگىرگە بارغىلى بولىدۇ)، ئەسكىشەردىن چىقىپ تاغ جىرالىرى بىلەن 120 چاقىرىم يۇرسە (بۇ بۇلاقنىڭ ئورنى ئازغانبۇلاقنىڭ شەرقىدەرەك بولسا كېرەك. تاۋ باۋلىيەن 马哈茨泉، شىي بىن 四马哈泉 دەپ يازغان ۋە تاشلاندۇق قوغۇشۇن كېنى بارلىقىنى ئىزاھلىغان) زىماقبۇلاق، ئۇ يەردىن 70 چاقىرىم يۇرسە توغراقبۇلاق، 75 چاقىرىم يۇرسە توغراقگەرەم (بۇ يەردىن شەرقىي جەنۇبقا يۇرسە يېڭىپەنگە بارغىلى بولىدۇ)، 70 چاقىرىم يۇرسە كۆنچى دەرياسى، كۆنچى دەرياسىدىن ئۆتۈپ تىكەنلىك ياكى يېڭىسۇغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ (تاۋ باۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 409 ـ بەت). شىي بىن 1917 ـ يىلى بۇ چاقىرىم يۆنىلىشى توغرىسىدا تىكەنلىكتىن شەرققە 40 چاقىرىم يۇرسە كۆنچى دەرياسىغا، ئۇ يەردىن 90 چاقىرىم يۇرسە توغراقبۇلاققا، 70 چاقىرىم يۇرسە زىماتبۇلاققا، 100 چاقىرىم يۇرسە ئايدىلانمىسى بىر چاقىرىم كېلىدىغان ئەسكىشەرگە، 100 چاقىرىم يۇرسە ئاچچىقبۇلاققا، 90 چاقىرىم يۇرسە ئۇجمىلىك دەڭگە يېتىپ بارىدىغانلىقى، زىمات بۇلاقتىن يەنە بىر چاقىرىم بىلەن 100 چاقىرىم يۇرسە قومۇشكۆلگە 180 چاقىرىم يۇرسە ئۇزۇنبۇلاققا، 150 چاقىرىم يۇرسە ئاچچىق دەرياغا، 90 چاقىرىم يۇرسە تۇرغا، 50 چاقىرىم يۇرسە تۇرپانغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى يازغان (شىي بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 200 ـ بەت). بەزى ماتېرىياللاردا قاراقۇشۇن كۆلىدىن تۇرپانغىچە يەتتە كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان يەنە بىر يول بولغان، ئەمما بۇنىڭ قايسى لىنىيە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ھازىرچە قىيىن. تۇرپان بىلەن چاقىلىق رايونىنىڭ قاتناش تارىخىدىن ئالساق، كىرۇران شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن ئىككى ئارىدىكى ئالاقە كەم بولغان، 14 ـ ئەسىرلەردە تۇرپان تەرەپتىن تارىم دەرياسى بويىغا ئۇيغۇچىلىققا كەلگەنلەر بولغان. 1759 ـ يىلى جۇڭغارلار يوقىتىلغاندىن كېيىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى لوپلۇقلار تۇرپان لۇكچۇن ۋاڭلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن لىنىيەدە قاتنىغان ھاكىمىيەت ئەمەلدارلىرى، سودىگەرلەر ۋە ئاۋام يىلسېرى كۆپىيىپ بارغان.

1800 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دۇرالدا تۇرغان ناسىربەگ مۇنداق بايان قىلغان: تىكەنلىك — كۆنچى دەرياسى — يېڭىپەن ~ توغراقبۇلاق (قۇرۇقتاغقا يېقىن) ~ ئازغانبۇلاق~ سەگىرئۆرتەك (بىر ئائىلە بار) ~ ئۇزۇنبۇلاق ~ ئاچچىققۇدۇق ~ تاتلىقبۇلاق~ لۇكچۇن (2000 ئائىلە بار) ~ يانقىر ~ قاراغوجا (150 ئائىلە بار) ~ ئاستانا ~ يېڭىۋات ~ تۇرپان (پېۋتسوف: «پېۋتسوفنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2013 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 226 ـ بەت).

«چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە ئېلان قىلىنغان 1909 ـ يىلى ئەتراپىدا سىزىلغان خەرىتىدە، چاقىلىقنىڭ كارۋان يوللىرى ھەم پاسىللىرى كۆرسىتىلگەن. خەرىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، چاقىلىق بىلەن يېڭىسۇ (كۆل سىزىلغان)نىڭ ئارىسى 440 چاقىرىم، ۋاششەھرى 180 چاقىرىم، تۇغ مەھەللىسى 220 چاقىرىم، چاينۇت مەھەللىسى 180 چاقىرىم، تۇز مەھەللىسى 150 چاقىرىم، چىكە مەھەللىسى 270 چاقىرىم، ئابدال مەھەللىسى 180 چاقىرىم، مۇران 240 چاقىرىم، دەپ كۆرسىتىلگەن.

چاقىلىق- چەرچەن تاشيولى — 1942 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چاقىلىقتىن 450 كىشى، 50 كالا، 100 زەمبىل چىقىرىپ چەرچەنگە بارىدىغان يولنى ياساشقا كىرىشكەن. يول ياسىغۇچىلارنىڭ ئوزۇقلۇقى تېرىلغۇ يەرگە قاراپ چېچىپ يىغىۋېلىنغان. مۇشۇ يىلى 7 ـ ئايدا چەرچەنمۇ 300 ئادەم چىقىرىپ چەرچەندىن چاقىلىققا قارىتىپ يول ياسىغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھېچقانداق ئىقتىساد چىقارمىغانلىقتىن بۇ يولنى ياساش ئىشى توختاپ قالغان. 1947 ـ يىلى 9 ـ ئايدا چاقىلىق ۋە چەرچەن ناھىيەلىرى يەنە 920 ئادەم (چاقىلىق 420، چەرچەن 500) چىقىرىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ياسىغان، شارائىت ئىنتايىن جاپالىق بولغاچلىقتىن يول ياساش سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولغان.

چاقىلىقتىن لوپنۇر ناھىيەسىگە تۇتاشقان كونا يول 1940 ـ يىلى باھاردىن باشلاپ ياسالغان، يول قۇرۇلۇشىغا

قاراشەھەردىن 2000، بۈگۈردىن 2000، كورلىدىن 3000،
لوپنۇردىن 1000، چاقىلىقتىن 1000 كىشى قاتناشقان. 1941 -
يىلى كورلىدىن تىكەنلىككىچە بولغان يول بۆلىكى پۈتتۈ-
رۈلگەن. 1942 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ تىكەنلىكتىن چا-
قىلىققىچە بولغان يول بۆلىكى داۋاملاشتۇرۇپ ياسالغان،
1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چاقىلىق ناھىيەسى يەنە
يېزا نوپۇسىدىن 700 بەردەم ئەرنى بۇ قۇرۇلۇشقا چىقار-
غان. 1943 - يىلى 4 - ئايدا 495 كىلومېتىرلىق بۇ يول
پۈتكەن، بۇ يول قۇرۇلۇشىغا 7000 دىن ئارتۇق ئەمگەك
كۈچى ئىشلىگەن بولۇپ قۇرۇلۇش ناھايىتى قىيىن بولغان،
جۈملىدىن قويۇق توغراق - چاتقاللاردىن يول ئېچىش،
قۇم بارخانلىرىنى تۈزلەش، ئۆزۈك - تۈلۈكنىڭ يېتىشمەسلى-
كى، زۇلۇمنىڭ قاتتىق بولۇشى بىلەن نۇرغۇن ئادەم جېنى-
دىن ئايرىلغان. تاشيول ياسىغۇچىلارنىڭ ئوزۇقى، ھايۋان-
لارنىڭ يېمى ۋە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى توشۇشقىلا 200
كىشىلىك قاتناش ئەترىتى تەشكىل قىلىنغان. 1943 - يىلى 3 -
ئايغا كەلگەندە ئۈچ يىل ياسالغان بۇ تاشيول پۈتكەن. بۇ
يولنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 495 كىلومې-
تىر بولۇپ 32 سۆڭگۈچ، بىر ياغاچ كۆۋرۈك ياسالغان.

چاقىلىق - دۇنخۇاڭ تاشيولى ــــ 1942 - يىلى 8 - ئايدا
يول لىنىيەسى چارلىنىپ يۆنىلىشى بېكىتىلگەن، 1943 - يىلى
بۇ يولنىڭ 61 كىلومېتىر قىسمى ياسالغان، يىل ئاخىرىدا
چاقىلىق بازىرىدىن مۇرانغا بارىدىغان تاشيول پۈتكەن،
1944 - يىلىنىڭ بېشىدا چاقىلىقتىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان
يولنى ياساش ئىشى بۇيرۇققا بىنائەن توختىتىلغان. 1945 -
يىلى تاشيول قۇرۇلۇشى يەنە باشلىنىپ 1946 - يىلى 2 -
ئايغا كەلگەندە بۇ تاشيولنىڭ 739 كىلومېتىر لىنىيەسى پۈت-
تۈرۈلگەن. 1941 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە چاقىلىق ناھى-
يەسى ھەر يىلى ئادەم تەشكىللەپ يول ياساش، ئاسراش
ئىشىنى قىلغان، ھەر قېتىمدا خەلق ئاز بولغاندا بىر يېرىم
ئاي، كۆپ بولغاندا ئۈچ ~ تۆت ئاي ئىشلىگەن. شۇنداق
قىلىپ چاقىلىق خەلقى چاقىلىق - كورلا، چاقىلىق - چەرچەن،
چاقىلىق - دۇنخۇاڭ تاشيوللىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
مىسلىسىز مۇشەققەتلەر چەككەن. مۇشۇ يىللاردا دۇنخۇاڭ-
دىن چاقىلىققىچە بولغان مۇساپىنى گومىنداڭنىڭ لىۇ
گۈيسېڭ باشچىلىقىدىكى بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى 1944 -
يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە
بولغان 30 كۈندە بېسىپ بولغان (لىۇ گۈيسېڭ: «1944 -
يىلى دۇنخۇاڭدىن چاقىلىققىچە بولغان يىپەك يولىدىكى
سەپىرىم»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (19)»غا كىرگۈ-
زۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى ئۇيغۇر-
چە نەشرى، 156 - بەت).

چاقىلىق - لاسا يولى ــــ بۇ يولدا لاساغا تاۋاپقا بارىد-
دىغان لاما دىنى مۇخلىسلىرى (مەسلەن، موڭغۇللار)
ماڭغان بولۇپ لىنىيەسى مۇنداق: چاقىلىق - مىرەن - تاش-
داۋان - ئۇزۇنشور - چوڭ يار - غازكۆل تېغى - چايدام - لاسا
(پېۋتىسوفنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2013 - يىلى خەنزۇچە نەشرى،
216 - بەت).

چاقىلىق يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇش سۈ-
پىتى بىلەن قەدىمدىن ھازىرغىچە، شەرق ۋە غەربنىڭ
سودا ھەم مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆھپە
قوشقان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادىيەنىڭ بې-
شىدىلا دەڭ - ئۆتەڭلەر قۇرۇلۇپ مۇلازىمەت قىلغان،
كارۋانلارنى ئوزۇق، قاتناش ۋاستىلىرى ھەم لازىمەتلىك-
لەر بىلەن تەمىنلىگەن. مۇشۇ دەۋرلەردىكى كارۋانچىلىق
ئىشلىرى ھەققىدە قارۇشتى يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارمۇ
بەزى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. قارۇشتى
يېزىقىدىكى 434 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق بىر يارلىق
خاتىرىلەنگەن: «بەگ ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن: بىموسنا
قاتارلىقلارنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر
تۆگىسى بىلەن ئاشلىق توشۇغان، بۇ تۆگە يولدا ئۆلۈپ
كېتىپ يۈكنى بۇ جايغا ئەكىلەلمىگەن. سىز ئۇشبۇ يارلىق-
نى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ، ئېلى-
مىزنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن - يوسۇنىغا ئاساسەن، ھەر
قانداق ئادەم ياكى ھايۋان ئەل ئۈچۈن ئىشلىگەندە
ئۆلۈپ كەتسە ھۆكۈمەت ھېساب قىلىپ تۆلەپ بېرىدۇ...».
بىز بۇ يارلىقتىن ئەينى چاغدا كىروران ئېلىنىڭ كارۋانچىلىق
ئىشلىرىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ھەمدە
مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ كارۋانچىلىق ئىشلىرىنى كاپالەت-
لەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. 438 - نومۇرلۇق قارۇش-
تىچە پۈتۈكتە بىر كىشىنىڭ يول باشلىغۇچى ئەمەسلىكى،
خوتەنگە بارىدىغان يولنى بىلمىگەنلىكى دوكلات قىلىنغان.
10 - نومۇرلۇق پۈتۈك بەگنىڭ يارلىقى بولۇپ ئۇنىڭدا بې-
رەيلەننىڭ يول باشلىغۇچى ئەمەسلىكى، يارلىقنى تاپشۇرۇ-
ۋالغان ھامان بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ يول باشلاش بىلىملىرى
بولمىسا قانۇن بويىچە ئۇنىڭ يول باشلاش مەجبۇرىيىتىنى
ئېلىۋېتىش يارلىق قىلىنغان. ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە

يول باشلاش، تىلماچلىق ۋە باشقا ئىشلار ھەقلىق بولۇپ ھەتتا كىروران ئېلىنىڭ ھۆكۈمدارىمۇ ئەلچىلىرى ئىشلەتكەن ئات، تۆگە، يول باشلىغۇچىلار ئۈچۈن ھەق تۆلىگەن. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا يەنى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىمۇ كاتاك ۋە لوپ شەھەرلىرىدە قونالغۇ تەسىس قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن. 1276 ـ يىلى چاقىلىق دىيارىدىن جۇملىدىن لوپ شەھىرىدىن ئۆتكەن ئىتالىيەلىك سەيياھ ماركوپولو، لوپ شەھىرىنىڭ ناھايىتى ئاۋاتلىقى، جۇملىدىن ذۇنخۇاڭغا ماڭغان ياكى ئۇ يەردىن قايتقان كارۋانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لوپ شەھىرىدە بىر ئاي تۇرۇپ ئارام ئالىدىغانلىقى ياكى سەپەر تەييارلىقىنى قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. مەھمۇد كاشغەريي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «ئۇلاغ» ئىبارىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆتەڭلەردە تۇرىدىغان ھايۋان ئىكەنلىكى، پوچتىچى ياكى ھۆكۈمەت ئالاقىچىسىنىڭ يەتكۈزۈش ئىشىدا يەڭگۈشلەپ مىنىدىغانلىقىنى يازغان. دەڭ، ئۆتەڭ، لەڭگەرلەردە قەدىمدىن بېرى كارۋانلار ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك مۇلازىمەت قىلىنىپ يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇلغان. 1940 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا چاقىلىقنىڭ ھاكىمى زۇنۇن ئىسلاموف باشچىلىقىدا دەڭ، ئۆتەڭلەرمۇ قۇرۇلغان. دەڭ، ئۆتەڭ، راباتلارنىڭ قۇرۇلۇشى چاقىلىق تارىخىدا كۆپ بولغان. بۇ ئىشلار يىراق قەدىمكى زامانلاردىن مۇشۇ كۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن، چاقىلىق ناھىيەسىدىكى لەڭگەر، لوپ لەڭگەر ناملىرىمۇ سۆزىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرماقتا. مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا تارىخچى بەن گۇنىڭ «خەننامە»دە مۇنداق دېيىلگەن: «باشتا خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتىدىن تەسىرلىنىپ، پەرغانە قاتارلىق ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا بەل باغلىدى. شۇڭا غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بىر يىل ئىچىدە (غەربىي يۇرتقا) ئون نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىلىپ تۇردى. كىروران ۋە قۇس بەگلىكلىرى يول ئۈستىدە بولغانلىقتىن، يولدىن ئۆتكەنلەرنى تەمىنلەشتە كۆپ چىقىم تارتقاچقا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ خۇي قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.... كىروران بەگلىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئەڭ شەرقىگە جايلاشقان، خەن سۇلالىسىگە يېقىن ئىدى. قۇمتاغ دېگەن جايدا سۇ، ئوت ـ چۆپ قىس بولغانلىقتىن، كىرورانلىقلار دائىم ئۆتكۈنچىلەرگە يول باشلىغۇچى بولاتتى. ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى سۇ ۋە ئاشلىق ئاپىرىپ قارشى ئالاتتى ۋە ئۇزىتىپ قوياتتى... (بەن گۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 854 ـ، 857 ـ بەتلەرگە قاراڭ) دېيىلگەن. مانا بۇلار كىروران قاتارلىق قەدىمكى ماكاندا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ يىپەك يولى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى ئەسلىشىمىزدە قىممەتلىك ئەستىلىك بولالايدۇ. ئەلۋەتتە شۇ نۇقتىنىمۇ ئىزاھلاپ لازىمكى، چاقىلىقتىن كورلىغىچە بولغان لىنىيەدە قۇرۇقلۇق يول قاتنىشىلا بولۇپ قالماستىن سۇ يولى قاتنىشىمۇ بولغان، چۈنكى تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قۇيۇلۇش ئورنى ھازىرقى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ 40 نەچچە كىلومېتىر جەنۇبىدىكى قارا بوران كۆلىدىن شەرققە قاراپ ئاققان، مانا بۇ تارىم دەرياسىنىڭ ئەسلىي ئېقىنى ئىدى. كۆنچى دەرياسى ئېقىنى بويىچە ئاقسا يەنىلا چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى لوپ كۆلگە قۇيۇلغان بولۇپ ئەينى تارىخىي دەۋردە سۇ قاتناش ئىشلىرى كىروران ئېلىنىڭ مۇھىم قاتناش ۋاستىسى بولغان. 19 ـ ئەسىردە چاقىلىق ناھىيە بازىرى بوستانلىقى قايتا گۈللەندۈرۈلگەندىن كېيىن، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى بويلاپ سۇ يولى قاتنىشى بولغانلىقى، ھەتتا 1950 ـ يىللاردىن كېيىن بەزى كېچىكلەردە ماشىنىنى كېمىگە سېلىپ ئۆتكۈزۈلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئەزەلدىن دەريا ـ كۆل بويلىرىدا ياشاپ كەلگەن لوپلۇقلار بىكار ۋاقىتلىرىدا كېمە چالىپ دەريا ئېقىنلىرى بىلەن سەيلە ـ ساياھەت، ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە سۆزلەپ بېرىشكەن. ھازىرقى زامان قاتنىشى تەبىئەت چەكلىمىسى تۈپەيلى بوستانلىقلارنىڭ يوقىلىش بىلەن تەدرىجىي دۆلەت 218 ـ ، 315 ـ تاشيوللىرىغا مەركەزلەشتى، بۇ يېڭى زامانىۋى قاتناش يوللىرى ئەنە شۇ بۇرۇنقى كارۋان قاتناش يوللىرىنى بويلاپ ياسالغان.

يۇقىرىقىلار يىپەك يولىنىڭ چاقىلىق ناھىيەسىدىكى تارماقلىرى توغرىسىدىكى ئۆگەنگەنلىرىمىزدىن ئىبارەت. مانا بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت 218 ـ تاشيولى چاقىلىق ناھىيە بازىرىدا دۆلەت 315 ـ تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ. قومۇلدىن باشلانغان ئۆلكە 235 ـ تاشيولىمۇ چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە دۆلەت 315 ـ تاشيولىغا تۇتىشىدۇ. چاقىلىق ناھىيەسى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپلا قالماستىن ھازىرمۇ يېڭى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيەلىك تېلېگراف شىركىتىدە)



# لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سان مۇقەددەسلىكى توغرىسىدا

ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**3. «توققۇز» مۇقەددەسلىكى**

«توققۇز»نى ئۇلۇغلاش قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تۇرمۇشىدا خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ساننى ئۇلۇغلىشى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا «خاسىيەتلىك (توققۇز) سان چۈشەنچىسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگىلا خاس بولغان بىر خىل مىللىي ئەنئەنە قارىشىدۇر» (ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 559 ـ بەت) دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن.

كۆپلىگەن مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە «توققۇز»نىڭ خاسىيەتلىك سان بولۇپ قېلىشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزملىق ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر شامانىستلىرىنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىكى كۆك تەڭرى ئېتىقادىدىن «يەتتە يۇلتۇز ئىلاھى» چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان ۋە بۇ يەتتە يۇلتۇز (يەتتە سەييارە) ئايرىم ـ ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىپ، يەتتە ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان ھەمدە يەتتە «ئىلاھ»نىڭ ھەر بىرى بىر ھاياتلىق ئالىمى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا يەنە پانىي ئالەم (تۇپراق) ۋە يەر ئاستى دۇنياسى (روھىناتلار ماكانى) قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئالەم توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان دېگەن ئىپتىدائىي چۈشەنچە بارلىققا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ ئالەم قارىشى «توققۇز»غا مۇجەسسەملەشكەن. (ئا. رەخمان، ر. ھەمدۇللا، ش. خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 167 ـ بەت) شۇ سەۋەبتىن بۇ سان ئۇلۇغلۇقى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلار: توققۇز ئوغۇز (خەلقى) ئۈستىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ (غەرب تەرەپ 9 ـ قۇر).

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلار: توققۇز ئوغۇز بەگلىرى، خەلقلىرى، سىلەر بۇ سۆزلىرىمنى ياخشى ئاڭلاڭلار (جەنۇب تەرەپ 2-قۇر)؛ ئوڭ (جەنۇب)تىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم (جەنۇب تەرەپ 3-قۇر)؛ سول تەرەپ (شىمال)تە باز خاقانى ۋە توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى ئىكەن (شەرق تەرەپ 14-قۇر)؛ توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئۆز خەلقىم ئىدى (شىمال 4-قۇر)؛ توققۇز ئەرنى ئەگىپ يۈرۈپ چېپىپ تاشلىدى (شىمال تەرەپ 6-قۇر)؛ كۆلتېگىن ئۆگسىز (دېگەن) ئاق ئېتىنى مىنىپ توققۇز ئەرگە نەيزە سانجىدى (شىمال تەرەپ 9-قۇر)؛ 9-ئاينىڭ 27-كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق (شەرقىي شىمال تەرەپ).

«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلار: توققۇز ئوغۇز... (شەرقىي يۈزى 1-قۇر)؛ توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى ئىكەن (شەرقىي يۈزى 14-قۇر)؛ توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ خەلقىم ئىدى (شەرقىي يۈزى 29-قۇر)؛ ئوغۇزلار توققۇز تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى (شەرقىي يۈزى 34-قۇر)؛ توققۇز ئوغۇز خەلقى يەر-سۇيىنى تاشلاپ تابغاچقا باردى (شەرقىي يۈزى 35-قۇر)؛ 39 يېشىمدا يازدا تاتابىلارغا يۈرۈش قىلدىم (جەنۇب تەرەپ 2 -قۇر)؛ 19 يىل شاد بولدۇم، 19 يىل خاقان بولدۇم (جەنۇب تەرەپ 9-قۇر).

«بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلار: توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە 100 يىل ئولتۇرۇپ...؛ توققۇز تاتارلارنى قالدۇرمىدۇق؛ توققۇز ئوغۇز بەگلىرى كەلدى؛ 9-(كۈنى) قوشۇن چىقاردىم؛ سەككىز ئوغۇز، توققۇز (تاتار)؛ سەككىز ئوغۇز توققۇز تاتارنىڭ ھەممىسى كەلدى؛ 4-ئاينىڭ 9-كۈنى سوقۇشتۇم؛ 5-ئاينىڭ 29-كۈنى ئۇرۇش قىلدىم؛ توققۇز ئوغۇز بەگلىرى كەلدى؛ 9-كۈنى قوشۇن چىقاردىم.

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۇرپان - ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى»دىكى بايانلار:... بۇ يارماقلارنىڭ ھەر (ئۈلۈشى) 99 (11*9) ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا دائىر ھۆججەت:... مەن كوئىنتۇ بارسكومىسقا توققۇز شىق توققۇز كۆرە ئۆگۈت قىلىنغان بۇغدايىنى... مەن بارسكومىس كوئىنتۇدىن توققۇز شىق توققۇز كۆرە ئۆگۈت قىلىنغان بۇغدايىنى... ‹بۇغداي ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى›؛ ئات يىلى 9 - ئايدا... ‹ئۈزۈملۈك يەرنى ئالماشتۇرۇش ھۆججىتى›... بىر پارچىدىن توققۇز پارچىغىچە كىيىملىك رەخت... ‹پاختا رەختنىڭ پۇلنىڭ رولىنى ئۆيىنىشى ھەققىدىكى ھۆججەت›؛ يىلان يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ‹خاقانغا ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى ئىزھار قىلىش ھۆججىتى›؛ ئىت يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ‹قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆسۈم ھۆججىتىنى قايتۇرۇۋالغانلىقىغا ئائىت ھۆججەت›؛ ئات يىلى 2 - ئاينىڭ دەسلەپكى توققۇزى ‹تولاق تېمۇرنىڭ كالا ئىجارىگە ئېلىش ھۆججىتى›؛ دەريا ساھىلىدىكى تېرىلغۇ يېرىمىزنى سىر قاسار ئالدىدا توينچۇققا توققۇز سىتر كۈمۈشكە قانۇنلۇق ھالدا سېتىپ بەردۇق ‹ماۋسى ئەدگۈلەرنىڭ يەر سېتىش ھۆججىتى›.

«ئۈرۈمچى ۋە ئىچكى موڭغۇلدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يەتتە پارچە ھۆججەت»تىكى بايانلار: ... بۇ قىزنى توشقان يىلى 9 - ئايدا كۈيئوغۇلغا بەردۇق ... بىر سىتر يەتتە باقىرغا توققۇز مۇنچاق ئالدۇق. ‹ 1 - ھۆججەت›.

«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى»دىكى بايانلار: «لاچىننىڭ توققۇز بالىسى بولۇر. توققۇزىنىڭ بىرسى ئاق بولۇر، لاچىن ئاچ كۆز. ھايۋان پارازىت بولۇر» دېگەن تەمسىل بار. ‹ئۈچ خىل مەزمۇندىكى پارچە ۋەسىقىلەر›؛ يەنە توققۇز توپ يىپەك بىلەن يازۇق ئاتلىق قۇلنى ئالماشتۇردۇق ‹قۇل ئالماشتۇرۇش تالونى›؛ قەۋەت، زاپاس بۇيۇملارنى 90 (11*9) قەۋەت قىلىپ بېسىپ قويماسلىق دېگىنىمىز ... ‹يوخان تەرىپىدىن يېزىلغان نەزىم›.

يۇقىرىقى مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە تىلغا ئېلىنغان «توققۇز» كۆپىنچە قەبىلە نامى سۈپىتىدە كەلگەن. چۈنكى ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىدە قەبىلىلەرنىڭ «ئىچكى توققۇز قەبىلە»، «تاشقى توققۇز قەبىلە» دەپ ئاتىلىشى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە «توققۇز»لۇق تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەنە شۇ «توققۇز»نى مۇقەددەس بىلىشتىن كەلگەن. (لىيۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 - قىسىم، 40 - ، 41 - بەت) شۇ سەۋەبتىن مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى قەبىلە نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان «توققۇز»نى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى سانىنى ئۇلۇغلاش قارىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

«توققۇز»نىڭ مۇقەددەسلىك خاراكتېرى «يەتتە»گە

قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ئىگە ۋە يىراق يەرلىك ئەنئەنىۋى مەنبەگە ئىگە بولغان بىر خىل مىللىي ئېتىقاد ھادىسىسىدۇر. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ ئاساسى شۇكى، «توققۇز»نىڭ مۇقەددەس سان سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىشى قەدىمكى ئالتاي قوۋملىرىنىڭ ئېپتىدائىي دىنى — شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزگە مەلۇمكى، شامان ئېتىقادىدا كائىنات ئۈچكە (كۆك، پانىي ئالەم، باقىي ئالەم) بۆلۈنگەن. كۆك — ئىلاھلار ۋە پەرىشتىلەر ماكانى، پانىي ئالەم ـ بەندىلەر ماكانى، باقىي ئالەم (جەھەننەم) ـ يامان روھلار (جىن ـ شەيتانلار) ماكانى دەپ قارالغان. «ئىلاھلار ماكانى» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان كۆك (ئاسمان) يەنە يەتتە سەييارە يەتتە پەلەك ئېتىقادىغا كېڭىيىپ، كۆكنىڭ مەنىسى «يەتتە ئىلاھ» (يەتتە سەييارە ـ يەتتە پەلەك)نىڭ سۈپىتىگە ئالماشقان ياكى تەڭلەشكەن، شۇنىڭ بىلەن شامانىزم ئېتىقادىدىكى پانىي ئالەم، باقىي ئالەم ۋە كۆكنىڭ كونكرېت سۈپىتى بولغان يەتتە پەلەك (يەتتە قات ئاسمان قوشۇلۇپ، ئالەم ئەنە شۇ توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن تەركىب تاپقان، دېگەن ئېپتىدائىي قاراش بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ ئالەم قارىشى «توققۇز»غا مۇجەسسەملەشكەن. نەتىجىدە «توققۇز»نى مۇقەددەس بىلىش ئېتىقادى كېلىپ چىققان.

يەنە بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېخى ماتېماتىكىلىق فورمىغا كىرمىگەن ساددا ھېسابلاش كۆز قارىشىدا تەكرارلانماس سانلار ئىچىدە «توققۇز» ئەڭ چوڭ سانىنىڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قارالغان، ھەممىدە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا چەكسىزلىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرگەن، شۇنداقلا بۇ سان تەسۋىرىي ئېتىقاد جەھەتتىن «كۈچلۈكلۈك»، «ئۇلۇغلۇق»، «بۈيۈكلۈك»، «چەكسىزلىك» مەنىسىگە سىمۋول قىلىنغان، ئەنە شۇنداق ئوبيېكتىپ تەسەۋۋۇرنىڭ كونكرېت بەلگىسى سۈپىتىدە «توققۇز» مۇقەددەس سان خاراكتېرىگە ئىگە بولغان. (ئابدۇكېرىم راخمان: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 ـ يىل 2 ـ سان، 41 ـ بەت).

«توققۇز»نى مۇقەددەس سان قاتارىدا بىلىشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە پروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئۆزىنىڭ «خاسىيەتلىك سان توققۇز ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ:

«توققۇز» سانى نېمە سەۋەبتىن مۇشۇ دەرىجىدە سىرلىقلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ مەنبەسى نېمە؟ بۇ توغرۇلۇق قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

1) توققۇز ئېقىن نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەردىكى قاراش بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان. 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە راشىددىنىنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابتىكى بايان بويىچە: «... ئۇيغۇرلار ۋىلايىتىدە ھەيۋەتلىك ئىككى چوڭ تاغ بار ئىكەن. ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇتتا دېيىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جايدىن ئون ئېقىن، يەنە بىر جايدىن توققۇز دەريا ئېقىنى ئاقىدىكەن. ئون دەرياني بويلاپ ئولتۇرغانلار ئون ئۇيغۇر، توققۇز دەرياني بويلاپ ئولتۇرغانلار توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىكەن («جامىئۇت تەۋارىخ»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، كۆكخوت، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بىر توم، 2 ـ كىتاب).

2) ساراي نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ ئەبۇلغازىنىڭ بايانىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ خاتىرىلىگىنى بويىچە:

«... قەدىم ئۇيغۇر ئېلى شۇ سۇلار ئارىسىغا جايلاشقان، ئون سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلارنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلارنى توققۇز ئۇيغۇر دەر ئەردى («مىراس» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىلى 1 ـ سان، 43 ـ بەت)».

3) قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. تارىخشۇناس سېن جۇڭميەن موڭغۇللار ئارىسىدىكى «توققۇز»غا ئائىت تارىخىي ئەھۋالنى بايان قىلىپ كېلىپ، شەرقىي شىمالدىكى مىللەتلەر تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، مۇشۇنداق ئوخشاش ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن، دەيدۇ (سېن جۇڭميەن «سۈي، تاڭ تارىخى» جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1982 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ قىسىم، 23 ـ بەت).

4) شەرەفىددىن ئەلى يەزدى «زەپەرنامە»دە، ھەرقانداق نەرسىنى توققۇز قىلىش ئادىتى «موغۇلنىڭ توققۇز خانىدىن ئېلىنغان» دەپ يازغان. بۇ قاراش بويىچە موغۇللاردىن كەلگەن، دېگەن قاراش كېلىپ چىقىدۇ.

5) موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمنىيە»دە «بىر توققۇز قەدىمدە موغۇلخانىنىڭ ئەۋلادىدىن سەككىزخان ناھايىتى زور پادىشاھ بولۇپ جاھاندىن ئۆتۈپ، توققۇزىنچىسىغا كەلگەندە مەغلۇپ بولغان. شۇ چاغدا خانلارنى خاتىرىلەپ سەككىز سوۋغا ـ سالامنى بىر توققۇز دەپ ھېسابلىشاتتى (موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمنىيە»، 180 ـ بەت) دېگىنىگە قارىغاندا موغۇللاردىن كەلگەن، دېگەن قاراشتا دەپ بىلگىلى بولىدۇ.

6) توققۇز ئوغۇز نامىدىن كەلگەن، دېگەن قاراش. توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلار تارىخىدا زور رول ئويناپ، يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى بولغان «توققۇز ئوغۇزلار»نى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن «توققۇز» دېگەن ساننى مۇقەددەس بىلىپ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە سىڭدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن (ھاۋاخان خوجىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قارالسۇن) دەيدۇ، بۇ خىل قاراشقا ئابدۇساتتار ناسىرى ئەپەندىمۇ ياندىشىپ پىكىر بايان قىلىدۇ (ئا. ناسىرىنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قارالسۇن).

7) ھامىلىنىڭ توققۇز ئايدا تۇغۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دېگەن قاراش. بۇنى مەھمۇد زەيدى ئەپەندى مۇنداق يازغان: قەدىمدىن تارتىپ ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار توققۇزلۇق سان تەرتىپىنى مۇستەھكەملىگەن بولسا كېرەك. ھامىلىنىڭ ئانا قورسىقىدا توققۇز ئايدا ۋايىغا يېتىشى ئاناتومىيە ۋە فىزىئولوگىيەلىك ئەھۋاللارنىڭ سىرلىرىنى بىلمەيدىغان ئىپتىدائىي ئادەم ئۈچۈن مۆجىزە بولۇپ تۇيۇلۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس (مەھمۇد زەيدىنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىرىنىڭ 1995 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قارالسۇن).

8) بابىل ئاسترونومىيەسىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراش. بۇنىمۇ مەھمۇد زەيدى ئەپەندى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە م. ب. 6 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بابىل ئاسترونومىيە ھۆججەتلىرىدە «ئاي تەگىردىسى ‹سىن›نىڭ قايتىش مۇددىتى 27 كۈن، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت ھېسابى ئۆلچىنىلدى» دېيىلگەن. مۇشۇ قائىدە بويىچە، كېچىنى يورۇتقۇچى (ئاي تەگىرىسىنىڭ ـ ئا) 27 كۈنلۈك قىسمىغا ئاجرىلىشىنى ئاڭلىغان قەدىمكى رىملىقلار، گېرمان ۋە كېلىت (Kelit) قەبىلىلىرى توققۇز



كۈنلۈك ھەپتە ھېسابىنى ئىشلەتكەن ... كېچىنى يورۇتقۇچى تەڭرىنىڭ ئۈچ - توققۇزدىن ئىبارەت قۇدرىتى توققۇز كۈنلۈك ھەپتە ۋە توققۇزلۇق ساناق سىستېمىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ رەقەمگە ئېتىقاد قىلىشىغا سەۋەب بولسا كېرەك.

9) خەنزۇ مەدەنىيىتىدىن كەلگەن، دېگەن قاراش. لى شۇخۇي ئەپەندى «توققۇز»نىڭ تىل مەدەنىيىتىدە قوللىنىش ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا خەنزۇ تىلىدىكى تارىخى ناھايىتى ئۇزاق، ھەر خىل مەدەنىيەتكە دائىر قوشۇمچە مەنە ئامىللىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشاشلىقىغا قارىغاندا، ئۇ خەنزۇ تىلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن... بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئۇزاق (لى شۇخۇي «تۈركىي تىلىدىكى toquz سانىنىڭ مەدەنىيەتكە خاس مەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1998 - يىلى 4 - سان) دەيدۇ.

10) ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ۋە خەن - زاڭ تىللىرى سىستېمىسى تېخى بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغان ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن، دېگەن قاراش. لى يۇڭ ئەپەندى ئۆز قارىشىنى مۇنداق يەكۈنلەيدۇ: «توققۇز» رەقىمى مۇقەددەسلىككە ۋە بەختكە سىمۋول قىلىنغان بولغاچقا، بۇ ئىككى خىل ئېپتىدائىي ئېتىقاد سېمانتىكا ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك موتىفلىرى ھېسابلانغان. قەدىمكى دەۋرلەردە خەن - زاڭ تىللىرى بىلەن ئالتاي تىللىرى تېخى بىر- بىرىدىن ئايرىلمىغان (ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ). ئايرىلغاندىن كېيىن ئوخشىمىغان تىل سىستېمىسىغا تەۋە مىللەتلەردە «توققۇز» ئېتىقادچىلىقى بىردەك مىللىي ئەنئەنىسى بولۇپ قالغان. «توققۇز» قاتارلىق رەقەملەر خەن - زاڭ تىللىرى ۋە ئالتاي تىللىرىغا تەۋە ئېپتىدائىي قەبىلىلەردە ئورتاق ئەكس ئەتكەن ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈكى ۋە شۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان سېمانتىكلىق ئەھمىيەتكە ئىگە رەقەملەر بولۇپ، بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەنلىكى تەبىئىيدۇر (لى يۇڭ «ئۇيغۇر مىللىي قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئىككى مەنبەلىك كېلىپ چىقىشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە 1989 - يىلى، 4 - سان 64 - بەت ۋە «مىراس» ژۇرنىلى، 1996 - يىلى، 4 - سان، 64 - بەت ۋە 23 - بەت).

11) توققۇزخان چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراش. بۇنى ئەمەت جېلىل ئەپەندى «توققۇز پەلەكلىك قارا چىراغ ئۇسۇلى»نىڭ مەنبەسىنى سۆزلەشتە قىلغاندا قومۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىكى 78 ياشلىق دېھقان ئىسھاق بوۋاي ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەتتە بايان قىلغان. ئۇ مۇنداق: بۇرۇنقى زاماندا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توققۇز خانلىق ئۆتتۈپتىكەن. بۇ خانلار ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئەل - جامائەت ئىچىدە چوڭ ئابرۇيغا ئىگە بولغانىكەن. ئۇيغۇر خەلقى بۇ خانلىقنى خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن قارا چىراغ ئۇسسۇلىنى ئويناپ توققۇز پىلىك ياقىدىكەن، بىر دانە پىلىك بىر خاقانىنىڭ روھىغا ئاتاپ يېقىلغان بولۇپ، توققۇز خاقانىنىڭ روھىغا ئاتاپ قارا چىراغ ئۇسسۇلىنى ئوينايدىكەن (ئە. جېلىلنىڭ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىلى 4 - سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ).

12) شامان دىنىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراش. ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندى «خاسىيەتلىك ‹توققۇز› سان چۈشەنچىسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگىلا خاس بولغان بىر خىل مىللىي ئەنئەنە قارىشى (ئا. راخمان «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى، 55 - بەت) بولۇپ «‹توققۇز›نىڭ مۇقەددەس سان سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىشى قەدىمكى ئالتاي قەۋملىرىنىڭ ئېپتىدائىي دىنى - شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك» بىزگە مەلۇمكى، شامان ئېتىقادىدا كائىنات ئۈچكە (كۆك، پانىي ئالەم، باقىي ئالەم) بۆلۈنگەن. كۆك - ئىلاھلار ۋە پەرىشتىلەر ماكانى، پانىي ئالەم - بەندىلەر ماكانى، باقىي ئالەم (جەھەننەم) - يامان روھلار (جىن - شەيتانلار) ماكانى دەپ قارالغان. «ئىلاھلار ماكانى» دەپ تەۋسىپ قىلىنغان كۆك (ئاسمان يەنە يەتتە سەييارە، يەتتە پەلەك ئېتىقادىغا كېڭىيىپ، كۆكنىڭ مەنىسى يەتتە ئىلاھ - يەتتە سەييارە - يەتتە پەلەك)نىڭ سۈپىتىگە ئالماشقان ياكى تەڭلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن شامانىزم ئېتىقادىدىكى پانىي ئالەم، باقىي ئالەم ۋە كۆكنىڭ كونكرېت سۈپىتى بولغان يەتتە پەلەك (يەتتە قات ئاسمان) قوشۇلۇپ، ئالەم يەنە شۇ توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن تەركىب تاپقان، دېگەن ئېپتىدائىي قاراش بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ ئالەم قارىشى «توققۇز»غا

مۇجەسسەملەشكەن. نەتىجىدە «توققۇز»نى مۇقەددەس بىلىش ئېتىقادى كېلىپ چىققان (ئا. راخمان «تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 - يىل 2 - سان، 41 - بەت).

13) دىچىياڭلاردىن كەلگەن دېگەن قاراش. يى شۇشيەن، تىيەن داشيەنلەر ئوتتۇرا جۇڭگو خەنزۇ مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىدىكى «مۇقەددەس سان توققۇز» چۈشەنچىسنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىن شىنجاڭ ئارقىلىق گەنسۇ - چىڭخەي ئېگىزلىكىدە ياشىغان دىچىياڭلارغا، ئاندىن مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا تەسىر قىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ شەرققە يېتىپ بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن (يى شۇشيەن، تىيەن داشيەن «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋردىكى سىرلىق سانلار» ئىجتىمائىي پەن ھۆججەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 223 -، 224 - بەتلەر).

14) ئۇلۇغ ۋە كۆپ سان چۈشەنچىسىدىن كەلگەن، دېگەن قاراش. بۇنى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، قەدىمدە «توققۇز»دىن ئۇلۇغ ۋە كۆپ سان يوق ئىدى. دەرۋەقە ساناق ئىلمىدە «ئون»دىن كۆپ سانمۇ يەنىلا شۇ توققۇز سان ئىچىدىكى سانلارنىڭ قايتىلىنىشى دەپ ھېسابلايدۇ (ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990 - يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 3 - بەت).

15) تۇغلا دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، دېگەن قاراش. بۇنى ياڭ شىڭمىن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ توققۇز ئوغۇز نامىنى چۈشەندۈرگىنىدە، توققۇز «تۇغلا» (Toghla) دەرياسىنىڭ نامىغا باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۇغلا دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى «دۇلا» ياكى «توخۇلا» بولۇپ، بۇ تۈركىي تىلىدىكى «توققۇز»نىڭ ئاھاڭ (تەلەپپۇزى ئىدى - ئا). (يەنى) تۇغلا دەرياسى دېگەن سۆز دەل «توققۇز دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تېلىلار ئىچىدە توققۇزغا چوقۇنىدىغان ئادەت بار ئىدى (ئا. راخمان «تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 - يىل 2 - سان، 41 - بەت) دەپ ھېسابلىغان. بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسلىرى ۋە سەۋەبلىرى بار.

خەلقىمىز توققۇزنى مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە توققۇزى تەل، 30 ئوغۇل، توققۇز قىز شەكىللىرىدە كەڭرى ئىشلەتكەن. تويلۇقلار، سوۋغا - سالاملار، سويۇلىدىغان قوي - كالىلارنىڭ توققۇز بولۇشى، تويى بولغان قىز - يىگىت ئاتا - ئانىغا ۋە مېھمانلارغا قىلىدىغان تەزىملارنىڭمۇ توققۇز بولۇشى قومۇل قاتارلىق جايلاردا ھېلىمۇ مۇقەددەس ئادەت بولۇپ داۋاملىشىۋاتىدۇ.

قومۇل ۋاڭلىرى تەزكىرىسى خاتىرىلەنگەن بىر ماتېرىيالدا: «ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇلار پايتەختكە خان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سوۋغات ئېلىپ باراتتى. ئېلىپ بارىدىغان سوۋغاتلار: كۆك يىمىش 900 جىڭ، قوغۇن قېقى توققۇز تاغار، لۈكچۈندىن چىقىدىغان كاناپ توققۇز توپ، قەنت - گېزەك توققۇز تاغار، يولۋاس تېرىسى توققۇز دانە، بۆرە تېرىسى توققۇز دانە، مولۇن توققۇز، تۈلكە توققۇز، نەقىشلەنگەن ئالتۇن غىلاپلىق پىچاق توققۇز دانە، كۈمۈش غىلاپلىق پىچاق توققۇز دانە، زىلچا توققۇز پارچە بولاتتى» دېگەن مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 - يىل 2 - سان 45 - بەت). ئۇيغۇر ئالىمى رابغۇزى تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان قىممەتلىك مىراس «قىسسەسسۇل ئەنبىيا»دىمۇ «ئەتىسى ئۇلار پادىشاھقا توققۇز قوغۇن ئېلىپ بېرىپ ئەرز قىلدى» (205 - بەت) دېگەندەك بايانلار بار.

قەدىمكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئانا تىل تېمىسى (مۇتىفى) بولغان «ئوغۇزنامە»دە «توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇزخاننىڭ ئايغىرىنى ھازىر قىلدى» («قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 54 -بەت) دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەر ئۇچرايدۇ. «گۆر ئوغلى پەرىزات ۋە ئادىمزاتتىن بولۇپ ئارقا - ئارقىدىن توققۇز خوتۇن ئالدى»، «توققۇز قات شاھ كىيىم كىيدى»، «مىنگەن ئېتى توققۇز كۆكنى كۆزلەيدۇ»، «ئۇلۇغ يېنىدا توققۇز تۇمارى بار» («گور ئوغلى» داستانى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى)، «خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەرقانچە كۆپىيىپ، ھەرتۇسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ، چۈنكى توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ» (مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1981 - يىل نەشرى، 3-

توم، 175 ـ، 176 ـبەتلەر)، «خان كۆنگە قاراپ ئۇلارنى
توققۇز قېتىم ئايلىنىدۇ » («جۇنامە» 50 ـ جىلد)، «خاقاذ-
نىڭ ھەربىي قوشۇنىدا توققۇز قىزىل تۇغ بار ئىدى»
(مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 3 ـ توم،
199 ـ بەت)، «ئۇيغۇرلارنىڭ سانغۇن، بۇيرۇق ـ تۇتۇقلى-
رىدىن توققۇز كىشى يېڭى خاقاننى ئاق كىگىز ئۈستىگە
ئېلىپ كۆتۈرۈپ سارايىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىپ
ئاندىن تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ» (د. ئا. ئىسسىۋ: «قەدىم-
كى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سېھرىي
كۈچلەر»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىل 1 ـ سان، 69 ـ
بەت)، «توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغايسىز»
(«ئۇيغۇر خەلق ئىجادىيتى» ئالمائاتا. 1983 ـ يىل، 44 ـ
بەت)، «تۇرخۇننى ئۆز ۋاقتىدا ئاچقايسىز، كۈندىن بۇرۇن
تۇرغايسىز، توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغايسىز» (مالوف:
«ئۇيغۇر تىلى» موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1954 ـ يىل، 23 ـ
بەت)، «غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز، ھەممىنى تەل راس-
لىدۇق» («قومۇل نەزمىلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-
تى، 1992 ـ يىل) ناملىق كىتابتىكى «كۆك مەشرەپ»گە
قاراڭ)، «يىگىت تەرەپ قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن
توققۇز قېتىم تەزىمغا بارىدۇ... قىزنىڭ مەھەللىسىدىكى يە-
گىتلەر قولايلىق جايدا ئارغامچا ياكى گۈلخان يېقىپ، يول
توسۇپ، قىزنىڭ كۆركىنى قىلىدۇ. يىگىت تەرەپ توققۇز
غىرىچلىق قوي بەرگەندىلا ئاندىن يول ئېچىلىدۇ ... قىز
كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، يىگىتلەر قىزنى ئاق كە-
گىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۈچ يەرگە يېقىلغان ئوت ئۈستى-
دىن توققۇز قېتىم چۆرگىلىتىدۇ...، تويىنىڭ 9 ـ كۈنى
يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە سالامغا بارىدۇ ...» (يۇقىرد-
قى كىتاب «يۈز ئاچقۇ بېيتلىرى» قىسمىغا قاراڭ)،
«... ئوغۇل تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن توققۇز كىيىملىك
رەخت، توققۇز تۇياق قوي، توققۇز كۈرە بۇغداي،
توققۇز شىلىڭ گۈرۈچ، توققۇز جىڭ ياغ، توققۇز شىرە
مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق توققۇز خىل نەرسىنى ھارۋىلارغا
سېلىپ، قىز تەرەپكە داغدۇغا بىلەن ئاپىرىپ بېرىدۇ»
(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانىدىن ئېلىن-
دى)، «تېرىسى ئوتتۇز گەردىشكە داپ بولدى، مۈڭگۈ-
زى توققۇز كەتمەنگە ساپ بولدى» («قومۇل نەزمىلە-
رى» دىن ئېلىندى)، «تويغان يەرگە توققۇز تەزىم»،
«توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتۇپتۇ»، «مەن
قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز»، «توققۇزى
تەل»، «توققۇز ئاي توققۇز كۈندە كۆزى يورۇپتۇ»،
«توققۇز ئەلنىڭ تىلىنى بىلگەن، ئوتتۇز ئەلگە ئۆتكۈت-
چى»، «توققۇز ئۇيغۇر تالاستا، بەگزادىسى پانتىكىن»،
قاتارلىق مۇقەددەس سانلار بىلەن بىۋاستە باغلىنىدىغان
ئۇقۇملار ۋە ئىدىيوم، ماقال ـ تەمسىللەر ئۇيغۇر فولكلو-
رىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ لوپنۇر خەلق چۆ-
چەكلىرىدە بۇنىڭغا ئالاقىدار بايانلار خېلىلا يۇقىرى سال-
ماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بايانلار
ئۇچرايدۇ:

«قەلەمتىراش» چۆچىكى: «ئۇلارنىڭ توققۇز ئوغلى
بولۇپ، ئاتىسى قارانەپىر بىلەن مەلىكە مېھرىنىگا ئۆلۈپ
كەتكەندىن كېيىن كۈھقاپنى بۇ توققۇز ئوغۇل بۆلۈشۈۋې-
لىپ پادىشاھلىق قىلىدىكەن» (33 ـ بەت)، «ئۇلار توققۇز
بالا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى پادىشاھ» (35 ـ بەت)،
«40 ـ ئۆيدە توققۇز دىۋە پادىشاھنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا ئولتۇرغان مەلىكەڭنى كۆرىسەن» (36 ـ بەت)،
«ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ ئۈستەل، ئۈستەل ئۈستى-
دە توققۇز دىۋە پادىشاھ مەلىكىنى قورشاپ ئولتۇرغان»
(37 ـ بەت)، «كۈھقاپتىكى توققۇز شەھەرنى مېنىڭ شەھە-
رىمنىڭ نېرىسىغا يۆتكەيسەن، ـ دەپتىكەن، شۇ زامات
ئۇنىڭ شەھىرى ھەم كۈھقاپتىكى توققۇز شەھەر ھاۋاغا
ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ» (37 ـ بەت)، «كۈھقاپتىكى
توققۇز شەھەرمۇ شۇ يېتى يۆتكىلىپ كەپتۇ» (37 ـ بەت)،
«بالا پادىشاھ شەھەرگە كېلىپ قول ئاستىدىكى توققۇز
شەھەرگە ‹باج ـ سېلىق، ئۆشرە ـ زاكات تاپشۇرىسەن›
دەپ ھۆكۈم چۈشۈرۈپتۇ» (38 ـ بەت). «گۈلجامال»
چۆچىكى: «مەن ئۆيدىن چىققىلى توققۇز كۈن بولدى»
(71ـبەت). «كەنناسىر» چۆچىكى: «موماي توققۇز ئاي،
توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ غايىبتىن بىر ئوغۇل تو-
غۇپتۇ» (76ـبەت)، «شۇنداق قىلىپ ئۈچ ئايغىچە توقسان
تۇياق ئاتتىن 81 نى ئۆلتۈرۈپ توققۇزىلا ساق قاپتۇ» (77 ـ
بەت). «تايغان نېمە ۋاپا قىلدى، گۈلخان نېمە جاپا
قىلدى» چۆچىكى: «بۇ ئايال توي قىلىپ توققۇز ئاي
توققۇز كۈندە كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ» (103 ـ
بەت)، «ئۇ چاغلاردا مېنىڭ ئېغىلىمدا ئېسىل ئارغىمىقىم-
دىن توققۇزى بار ئىدى» (106 ـ بەت). «ئاق بوز ئات»
چۆچىكى: «ئۇنىڭ توققۇز ئوغلى بولۇپ، توققۇز قىزى

بار ئادەم بىلەن قۇدا بولمەن› دەپ ئىزدەپتۇ»، «يىراق
بىر سەھرادا كۆچمەس ئىسىملىك بىر باي بولۇپ، ئۇنىڭ
توققۇز قىزى بار ئىكەن. ئۇمۇ خۇددى كۆچەر بايدەك
‹توققۇز ئوغلى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولمەن› دەپ،
كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرۇپتۇ» (107 ـ بەت). «ھەمرا-
خان» چۆچىكى: «توققۇز ئايمۇ توشۇپتۇ» (113 ـ بەت).
«قىسمەت» چۆچىكى: «توققۇز ياشقا كىرگەندە دادىسى
ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ» (123 ـ بەت). «مىڭكۆ باتۇر» چۆچە-
كى: «توققۇز مىراقۇل ھەيدەپ مېڭىپتۇ، توققۇز تۆگىگە
سۇ، توققۇز تۆگىگە يېمەكلىك ئارتىپ. بۇلارنى يېتىلەشكە-
مۇ توققۇز مىراقۇل بەلگىلىنىپتۇ» (145 ـ بەت)، «مىڭكۆ
باتۇر ئۇ يەردە بىر ئىككى كۈن ئوۋ ئوۋلاپ، توققۇز تۇ-
لۇمغا گۆش، توققۇز تۇلۇمغا سۇ قاچىلاپتۇ» (154 ـ بەت).
«نىزناي» چۆچىكى: «پادىشاھنىڭ ئايالى ھامىلدار
بولۇپ، توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئۆتكەندە كۆزى
يورۇپ، شۇنداق چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ» (174 ـ
بەت). «كىنىزەم بىلەن بوز كۆرپەش» چۆچىكى: «شۇ
ھامان پەرمان چۈشۈرۈپ، 30 كۈن ئويناپ، توققۇز كۈن
تويلاپ قىزنى كىنىزەمگە چېتىپ قويۇپتۇ» (189 ـ بەت).
«قاراخان پادىشاھ ۋە ئايگۈل قىز» چۆچىكى: «ئارىدىن
توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئۆتۈپ خوتۇنى تۇغۇپتۇ» (197 ـ
بەت). «ئادىل سوراق» چۆچىكى: «پۈتۈن يۇرتقا توققۇز
كۈن چاي تارتىپ، 30 كۈن نەغمە مەشرەپ بېرىپ مەلە-
كىنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ»، «توققۇز ئاي، توققۇز كۈن
توشقاندا بىر جۈپ ئوغۇل تۇغۇپتۇ» (203 ـ بەت). «ئە-
قىللىق قىز» چۆچىكى: «پادىشاھنىڭ ئايالى ھامىلدار
بولۇپ، توققۇز ئاي توققۇز كۈندە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ»
(216 ـ بەت). «ئوغرىلانغان گۆھەر» چۆچىكى: «30 كۈن
تويلاپ، توققۇز كۈن ئويناپ، ئەل يۇرت تارقىغاندىن
كېيىن...» (231 ـ بەت).

دېمەك، لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى «توققۇز»
مۇقەددەسلىكىگە دائىر بايانلاردىن مەلۇمكى خاسىيەتلىك
سان «توققۇز» ئۇزاق تارىخىي، ئىجتىمائىي ئاساس ۋە
چوڭقۇر مەدەنىيەت ئامىلىغا ئىگە. تارىختىن بېرى ئۇ
خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىكى ھېسابات ئېھتىياجىدىن ئۇ-
نۇملۇك چىققاندىن باشقا، خاسىيەتلىك ۋە قۇتلۇق بىر
سان بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنى خاسلىققا
ئىگە قىلىشتا، خەلق روھىيىتىنى جانلاندۇرۇشتا، ئەنئەن-
ۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى نامايان قىلىشتا ئۆزگە خاس
رول ئوينىغان، شۇڭا، بۇ سان ھەققىدىكى تەتقىقاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 4. «40» مۇقەددەسلىكى

مۇقەددەس سان «40» چۈشەنچىسى بىرەر دىنىي
ئېتىقاد بىلەن باغلانمايدۇ. شۇنداقلا سىرتتىن ئېقىپ كىر-
گەنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ تۈركىي تىل ئائىلىسىگە تەئەل-
لۇق مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە تە-
ئەللۇق بولغان بىر خىل ھادىسىدۇر. بۇ مۇقەددەس سان
ئۆز نۆۋىتىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «يەتتە» ۋە
«توققۇز»غا خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىمىغان ھالدا «ئەڭ
كۆپ»، «چەكسىز» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان كۆپلۈك
سان خاراكتېرىگە ئىگە. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىزنىڭ
ئەڭ يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا سان (رەقەم)نىڭ ما-
تېماتىكىلىق مەنىسى ئېنىق بولمىغان. چۈنكى خۇسۇسىي
مۈلۈكچىلىكتىن مۇستەسنا ھالدا پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش
پائالىيەتلىرىدە كوللېكتىپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ھۆكۈم
سۈرۈۋاتقان ئەنە شۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تېخى ماتېماتە-
كىلىق ھېسابلاش ئېھتىياجى تۇغۇلمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن
يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر مەزگىل ئالەمنىڭ
چېكىنى تەكرارلانمايدىغان ئەڭ چوڭ بىرلىك «توققۇز»
بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاستا ـ
ئاستا بىخلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئابستراكت تە-
پەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمۇ تەدرىجىي تەرەققىي قى-
لىشقا ۋە چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. نەتىجىدە كىشىلەر ئەڭ
دەسلەپ «بارمىقى بىلەن سانلىق ساناش» (لېۋى ـ بولۇر
(فىرانسىيە)نىڭ «ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر» ناملىق ئەسىرى،
خەنزۇچە نەشرى، 198 ـ بەت)نى بىلىۋالدى، يەنى ئىنسان-
لار ئىككى قولنى بىرلەشتۈرسە ئون بولىدىغانلىقنى ۋە
ئۇنىڭ تەكرارچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى باي-
قاشتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئىككى قول بارماقلىرى (5+5)
نىڭ قوشۇلۇشىدىن قۇرۇلغان ئون (10)دىن ئارتۇق
ساننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئون سان-
لارنىڭ ئاخىرقى چېكى، ئەڭ كۆپ مەنىگە ئىگە دەپ قا-
رىلىپ كەلدى. تۈركىي تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەر-
دە «بىر ئون» (10)، «ئىككى ئون» (20)، «ئۈچ ئون»
(30)، «بەش ئون» (50)... دېگەنگە ئوخشاش ساناش ئا-
دىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى شۇ سەۋەبتىندۇر. شۇنداق قىلىپ

«40» سانى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەمنىڭ تۆت تەرىپى ھەققىدىكى سىرلىق چۈشەنچىسى بىلەن ئەڭ چوڭ ساننىڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قارالغان «10»نىڭ تەكرار قوشۇلمىسى ياكى تۆت تەرەپكە كۆپەيتىلىشى ئارقىلىق كېلىپ چىققان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن تۆت تەرەپنىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك» («ئوغۇزنامە»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 46 - بەت) دېگەن قۇرلار بار. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «تۆت تەرەپ» پۈتۈن كائىنات (ئالەم) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئوغۇز خاقاننىڭ زېمىنغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بۇ بىر جۈملە سۆزدىن تۆت تەرەپنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا بىر خىل سىرلىق ۋە ناھايىتى چوڭ مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، قەدىمكى تۈركىي تىلدا شەرق «كۈنچىقىش تەرەپ»، غەرب «كۈنپېتىش تەرەپ»، شىمال «سول تەرەپ»، جەنۇب «ئوڭ تەرەپ» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ «تەرەپ» قارىشى ھېچقايسى تەرەپكە تەئەللۇق بولمىغان سىرلىق قۇياش (كۆكتەڭرى)نىڭ يورۇقلۇق تارقىتىشى ئاساسىدا تىكلەنگەن، شۇڭا ئۇلار ئۈچۈن بۇ تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ناھايىتى چوڭ، چەكسىز ۋە سىرلىق ئىدى. بۇ خىل قاراش قول بىلەن تەرەپ (قول ئىپادىلىگەن ئون بىلەن تۆت تەرەپ) ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئىزچىللىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى، شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى چەك ۋە ئەڭ كۆپ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «10» بىلەن تەرەپنى بىلدۈرىدىغان سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە «تۆت تەرەپ»نىڭ تۆت قېتىم تەكرارلىنىشى ئارقىلىق ماكان ۋە زاماننىڭ چەكسىزلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «40» سانى شەكىللەنگەن، بۇنداق ھېسابلاش ئادىتى ھىندىلار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت، يەنى ھىندى مەدەنىيىتىدە ماكان، زاماننىڭ چەكسىزلىكىنى ۋە سان جەھەتتە «ئەڭ كۆپ» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرمەكچى بولغاندا، ئۇلاردا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئومۇملاشقان خاسىيەتلىك سان «يەتتە»نىڭ كۋادراتى بولغان «49»نى مۇقەددەس سان دەپ قوبۇل قىلغان. «40» ساننى ئىشلەتمىگەن.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بۇ ئىپتىدائىي سىرلىق سان چۈشەنچىسى كېيىنكى ئەرەب مەدەنىيىتىگىمۇ سىڭگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتىدىكى «40» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېكايە، چۆچەكلەر ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كۆپلەپ تارقىلىپ، قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى «40» سان قارىشى بىلەن بىرلىشىپ، «40»نىڭ مۇقەددەس سانلىق خاراكتېرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. ئەمەلىيەتتە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئابستراكت تەپەككۇرىدا خاسىيەتلىك «40» سان چۈشەنچىسى شەكىللىنىپ بولغان. (ئابدۇكېرىم راخمان «تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 - يىل 2 - سان).

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى، تەڭ باراۋەرلىكنى ئارزۇ قىلغان غايىۋى ئىستەكلىرى، مۇھەببەت ساداقىتىنىڭ كامالەت ئۆلچىمى، شائىرلىق كامالىتىنىڭ بەزى ئۆلچەملىرى ۋە باشقا يەنە تۈرلۈك مەزمۇنلار بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشنى يېڭى - يېڭى مەنىلەر بىلەن گۈزەللەشتۈرۈش رولىنىمۇ ئوينىغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە مۇنداق ئىككى ماقال - تەمسىل كىرگۈزۈلگەن:

«ساچراتقۇدىن بىر قېتىم قورققان قۇش 40 يىلغىچە ئاچا ياغاچ ئۈستىگە قونماس» (مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - توم، 314 - بەت، 595 - بەت؛ 2 - توم، 439 - بەت؛ 1 - توم، 45 - بەت، 2 - بەت، 455 -، 456 - بەتلەرگە قاراڭ).

« 40 يىلغىچە باي بىلەن كەمبەغەل تەڭلىشىدۇ» (مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - توم، 314 - بەت، 595 - بەت؛ 2 - توم، 439 - بەت؛ 1 - توم، 45 - بەت، 2 - بەت، 455 -، 456 - بەتلەرگە قاراڭ).

بۇ ئىككى مىسالدىن بولۇپمۇ 2 - ماقالىدىكى مەزمۇندىن كۆرۈش مۇمكىنكى، خەلقىمىز « 40»نىڭ مۇقەددەسلىك ئۇقۇمىنى، باياشات تۇرمۇشقا بولغان گۈزەل تەلپۈنۈشنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، باينىڭ باي بولۇشى، كەمبەغەلنىڭ كەمبەغەل بولۇشى مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكى، بۇ خىل تەڭسىزلىك ھامان ئۆزگىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي ھايات ۋە تارىخىي ھەقىقەتتىكى پەلسەپىۋى پىكرىنى « 40» چۈشەنچىسىگە يىغىنچاقلىغان.

ئەلىشىر ناۋائىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە بېغىشلانغان

بىر رىۋايەتتە مۇنداق بىر ۋەقەلىك رىۋايەت قىلىنغان: ھۇ-
سەيىن مىرزىنىڭ 40 ۋەزىرى بولغانىكەن. 40-سى ئەلە-
شىر ناۋايى ئىكەن. بىر كۈنى بىر كەم 40 ۋەزىرى ئەلە-
شىر ناۋايىغا تۆھمەت قىلىپ، ئىغۋا تارقىتىپ ئۇنى ھۇسە-
يىن مىرزىگە چېقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۇسەيىن مىرزا ناۋاي-
نى ۋەزىرلىكتىن ئېلىۋېتىپتۇ (ئابدۇكېرىم راخمان «يېپەك
يولىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، ئۇيغۇرچە، 185 - بەت)
رىۋايەتنىڭ داۋامىدا ناۋايىدىن باشقا 39 ۋەزىرى ھۇسەيىن
بايقارانىڭ تورۇسقا قاراپ «ئېلىپ كېلىڭ» دېگەن سۆزد-
نى چۈشەنمەي ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى قىلغان
بولسىمۇ تەلپىنى ئورۇندىيالماي، ئاخىر ناۋايىغا يېقىنراق
بىرى ناۋايى قېشىغا بېرىپ «ئېلىپ كېلىڭ» نىڭ ئەسلي
كۆزدە تۇتقان مەنىسىنى ئۇقۇپ كەلگەنلىكى رىۋايەت قى-
لىنغان. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ھۇسەيىن بايقارا-
نىڭ 40 ۋەزىرى بولغانلىقى تارىخي رېئاللىققا ئۇيغۇن
ئەمەس. بىراق، ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر ناۋايىنىڭ ئەقىل -
پاراسەت ۋە بىلىمدە تەڭداشسىز كامالىتىنى نامايان قىلىش
زۆرۈرىيىتىدىن «40»تىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى سىمۋول-
لۇق ۋاستىسىنى قوللانغان. ھۇسەيىن بايقارانىڭ قول ئاس-
تىدىكى ۋەزىرلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپتۈرۈلۈپ 40قا يەتكۈز-
گەنلىكى، ناۋايىنى بولسا 40 - ئورۇنغا قويغانلىقى، شۇنىڭ
بىلەن بىللە 39 ۋەزىرنىڭ ئەقىل - پاراستىدىن ناۋايىنىڭ
ئەقىل كامالىتىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويغانلىقى يۇقىرىقى پ-
كىرىمىزنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى بىر قاتار ھەر خىل شەكىل ۋە مەزمۇنلاردا
ئىپادىلەنگەن «40» سانىنىڭ يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قە-
دىمكى چۆچەكلىرىدە «40 كېچە - كۈندۈز تاماشا قىلىپ
بېرىش»، «40 خېچىردا سوۋغا سالام ئېلىپ ئەلچىلىككە
بېرىپتۇ»، «40 تۆگە بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ»، «40
كېنىزەك بىلەن سەيلە تاماشاغا چىقىپتۇ» دېگەنگە
ئوخشاش گۈزەل سىمۋول بېشارەت سۈپىتىدە ئەكس ئەت-
كەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ھال شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، «ئوغۇز-
نامە»دىكى «40 كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا»نىڭ كېيىن-
كى دەۋرلەردە خەلقنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان غايىۋى مەنزىل بولۇپ، بە-
دىئي ئەدەبىيات شەكلى ئارقىلىق ئىزھار قىلىنغانلىقىنى
ھەمدە شۇ يول بىلەن بۇ مىللي ئەنئەنە ئىزچىل داۋاملە-
شىپ، ئۇلۇغۋار غايىۋى تۇرمۇشنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە
خەلقىمىز قەلبىدە يېڭىچە ھېس - تۇيغۇ قوزغاش رولىنىمۇ
ئۆتىگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەرزەنت دۇنياغا كۆز
ئېچىپ 40 كۈندىن كېيىن «قىرقىنى چىقىرىش» دېگەن
بىر ئادەت بار. (بەزى يەرلەردە «قىرىق»نى «قىژىق»
دەپ ئاتايدۇ. قىژىق ئەمەلىيەتتە 40 نىڭ فونېتىكا جەھەت-
تە بىر ئاز ئۆزگەرتىپ ئاتىلىشى) بوۋاقنىڭ قىرقىنى چىقى-
رىش ئالاھىدە بىر خىل مۇراسىم شەكلىنى ئالغان بولۇپ،
بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈنگە توشقان كۈنى قازان ئېسىپ
مەھەللىگە ئاش تارتىدۇ. مىجەز - خۇلقى ياخشى، ساغلام،
ئەقىللىق، چىرايلىق بالىلارنى چاقىرتىپ كىرىپ ھەر بىر
بالىغا 40 كۈنلۈك بوۋاقنىڭ ئۈستىگە ئىلمان سۇ قۇيدۇرد-
دۇ. ئۇلارغا قۇيماق، قەنت - گېزەك، قاتارلىق نەرسىلەر-
نى تارقىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئادەتنى مۇنداق ئىككى
خىل مەزمۇندا چۈشەندۈرىدۇ. بىرى قىرقىنى چىقارماسلىق-
نى گۇناھ دەپ قاراپ «ئەگەر قىرقى چىقىرىلمىسا ئۇ دۇن-
ياغا بارغاندا قىرقىلىق كەلدى، قىرقىلىق كەلدى دەپ
قاراپ ئورنى ياخشى بولمايدۇ» دېسە، يەنە بىرى، بوۋاق-
نىڭ تۇغۇلۇپ 40 كۈنلۈككىچە بولغان ئارىلىقنى ئەڭ
مۇھىم باسقۇچ دەپ قاراپ، شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاقنىڭ
ھاياتىغا بولغان ئۈمىدى ئاشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىغا كې-
رەكلىك ئوزۇقلۇقنى كۆپەيتىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن با-
لىلارغا سۇ قۇيدۇرۇش يېڭى بوۋاقنىڭ خۇددى شۇ بالى-
لاردەك ئۆز خۇلقلۇق، ساغلام، ئەقىللىق، چىرايلىق بالا
بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ
چۈشىنىدۇ. بەزى جايلاردا بوۋاقنىڭ بېشىغا قۇيۇلىدىغان
سۇنىڭ تەركىبىگە مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكىدىن قىرىندا شىلىپ
كېلىپ، مەسچىتنىڭ بورىسىدىن، مەسچىت تاملىرىدىكى كا-
كىللاردىن ئېلىپ كېلىپ قايىنىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن
ئىشلىتىش ئەھۋالىمۇ بار. بۇ ئەلۋەتتە «ئىمانى كامىل»لىق-
نى ئارزۇ قىلىدىغانلىقنىڭ ئىپادىسى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە مەلۇم بىر كىشى ئۆلگەن-
دىن كېيىن تا 40 كۈنگىچە ھازا تۇتىمىز. بۇ ۋاقىتتا ساقال -
بۇرۇتلىرىنى ئالدۇرماي، بەزى جايلاردا ئۆيدە ئاش
ئەتمەي، ئاق باغلاپ 40 كۈنگىچە يەشمەي ۋە يەنە مۇ
سىبەتنى ئىپادىلەيدىغان قايغۇلۇق ھالەت بىلەن 40 كۈن
توشقاندا، ئاندىن 40 نەزىرىسىنى بېرىپ، شۇنىڭدىن
كېيىن ئاندىن مۇسىبەت شەكىللىرى بىكار قىلىنىدۇ.

40 نەزىر چوڭ نەزىر ھېسابلىنىپ كۆلىمى كەڭرەك بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۆرپ - ئادەت ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا خېلىلا ئومۇملاشقان قائىدە-يوسۇن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى بۇ خىل ئادەت شەكىللىرىنى ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ بىر خىل شەرىئەت مەزمۇنى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئەھۋال ئەرەبلەردە بارمۇ ياكى ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنىڭ مۇقەددەس كالاملىرى «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»لەردە كۆرستىلگەنمۇ؟ ئەرەبلەردە ۋە ئىسلام شەرىئىتىدە بالىنىڭ قىرقىنى چىقىرىش، كىشى ئۆلۈپ 40 كۈنگىچە مۇسىبەت تۇتۇپ ئاندىن نەزىر بېرىپ مۇسىبەتتىن خالاس بولۇش، دېگەنگە ئوخشاش ئېتىقاد شەكلى ۋە ئۆرپ - ئادەت يوق ۋە قەيت قىلىنمىغان. بۇ ئەقىدە دەل ئوغۇزخان دەۋرىدىكى مۇقەددەس سان چۈشەنچىسىنىڭ زامانىمىزدىكى مۇھىم ئىپادىسى. ئەجدادمىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئوغۇزخانىنىڭ تۇغۇلۇپ 40 كۈندىن كېيىن ئەقلى يېتىلىپ سۆزلەپ، ماڭغانلىقى ھەققىدىكى بۇ ئىلاھىي چۈشەنچە بويىچە، بوۋاق تۇغۇلۇپ قىرىقىنچى كۈننى خاسىيەتلىك ئۇلۇغ كۈن - كامالەتنىڭ باشلىنىش كۈنى، ھەقىقىي ھاياتلىقنىڭ قۇتلۇق باشلىنىشى، دەپ چۈشەنگەن ۋە مۇشۇ ئېتىقاد بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك، ئەقىل - پاراسەتتە كامىل، كۈچ - قۇدرەتتە قابىل، خاسىيەتلىك، ۋەتەن ۋە خەلقپەرۋەر بوۋىسىغا بولغان سېغىنىشىنى، شۇنىڭدەك پەرزەنتلىرىنىڭ ئوغۇزخاندەك ئاشۇنداق ئۇلۇغ پەزىلەتكە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراش مۇمكىن. ئەمدى 40 كۈنلۈك مۇسىبەتكە كەلسەك ئۇيغۇر خەلقى ئىنسانىنى قەدىرلەيدۇ، ھاياتلىقنى ئۇلۇغ بىلىدۇ. ھاياتلىقسىز ھەرقانداق بەخت - سائادەتنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ۋە ئەھمىيەتسىز دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇر خەلقى بىرەر يېقىن كىشىسى يورۇق دۇنيادىن كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتلىقتىن مەڭگۈ يوقلۇق ئالەمگە كەتكەنلىكى، زۇلمەت ئورنىغا يول ئالغانلىقىغا بولغان چوڭقۇر ئېچىنىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش ۋە قايغۇلۇق ھېسسىياتنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە 40 كۈنگىچە مۇسىبەت تۇتۇشنى ئەڭ قاتتىق قايغۇرغانلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشەنگەن. ئىسلام شەرىئىتىدە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۇسىبەت تۇتۇشنى مەنئى قىلغان، چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىدە كىشى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ، ئەگەر كۆپ مۇسىبەت تۇتسا، ياقا يىرتىپ قاتتىق يىغلىسا، ئاللاھقا قەھرى قىلغانلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقى مەسىلە ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا، ئۆرپ - ئادەتدە ئۇچرايدىغان يەنە بىر مۇنچە «40» مۇقەددەسلىك ئەنئەنىسىنىڭ تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى ئىپادىسىدە تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ مۇھىم ئادەتلىرىدىن بىرى چاچنى ئۇششاق 40 تال ئۆرۈشى بولۇپ، بۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر ئەنئەنە، بۇ خىل مىللىي ئادەت ئەرەبلەردىلا ئەمەس، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ بىرەرسىدە بارلىقىنى ئاڭلاپ باققىنىمىز يوق. شۇنىسى ئېنىقكى ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى گۈزەللىككە شەيدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي گۈزەل ئەنئەنىسىنى سۆيىدۇ ۋە ئۇنى يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ راۋاجلاندۇرالايدۇ. چاچنى 40 تال ئۆرۈش گۈزەللىككە بولغان تونۇشى ۋە گۈزەللىك ئۆلچىمىدىن كۆرە ئەڭ مۇھىمى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس چۈشەنچىسىنىڭ گۈزەللىكنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىشى ۋە داۋاملاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«40 مۇقەددەسلىكى» ئوغۇزخان دەۋرىدىن تارتىپ تاكى دەۋرىمىزگىچە ئاساسەن يۇقىرى كامالەتنىڭ، ئۇلۇغۋار غايىۋى ئىستەكنىڭ، ئەقلىي ئۆلچەمنىڭ، بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى كۈچ - قۇدرەتنىڭ سىمۋولى قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتدىلا قوللىنىلغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ئىنسانىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەبىئىي يېتىلىش قانۇنىيىتى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمى ئېرىشكەن بىر قىسىم ئىلمىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ تۆرۈپ ئىلمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكىچە تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن.

1) ھازىرقى زامان تېببىي ئىلىمگە ئاساسلانغاندا، ئادەم تۆرەلمىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىسپېرما بىلەن تۇخۇم بىرىكىپ بىر دانە ئاتالانغان تۇخۇم ھاسىل بولۇشتىن باشلاپ ھۈجەيرە ئاجرىلىپ تولۇپ ۋە تەرەققىي قىلىپ بارا - بارا ئادەم شەكىل تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغان ھامىلە پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى جەريان ئاددىيلىقتىن - مۇرەككەپلىككە، سان ئۆزگىرىشتىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە، ئىپتىدائىيلىقتىن مۇكەممەللىككە ئۆزگىرىدىغان جەرياندۇر. بولۇپمۇ بۇ جەريان تۆرەلمە پەيدا بولۇپ دەسلەپكى 35 - 40 كۈنگىچە بولغان ئاددىيلىقتىن ئىپتىدائىي باسقۇچلارنى

بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن 6 ـ ھەپتىگە بارغاندا ھامىلە
تاشقى ۋاراق (نېرۋا سىستېمىسى، تىرناق، تۈك قاتارلىقلار)
ئوتتۇرا ۋاراق (مۇسكۇل، سۆڭەك، سۈيدۈك چىقىرىش
ئورگانلىرى، قان قاتارلىقلار) ئىچكى ۋاراق (ھەزىم سىس-
تېمىسى، نەپەس سىستېمىسى، جىنسىي يولى ۋە ھەر خىل
بەزلەر) قاتارلىق ئۈچ قەۋەت ۋاراق ئاساسەن تولۇقلىنىپ
ئادەم شەكلىگە كىرىدۇ. «توقۇلما ۋە تۆرەلمە ئىلمى»
دېگەن كىتابتا مۇنداق كۆرسەتكەن: « 6 ـ ھەپتە بولغاندا
دۈمبە، قورساق، يۈرەك ئىچكى پەردە دىۋارى قارىمۇ
قارشى ئۆسۈپ بىرىكىدۇ، بىر قېرىنچە تۆشۈكى بار
يۈرەك ئىچكى پەردىسى، ئىككى قاپقاقلىق ۋە ئۈچ قاپ-
قاقلىق كىلاپاننى ھاسىل قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋال شۇنى
ئۇقتۇرىدىكى تۆرەلمە 6 ـ ھەپتىدىن باشلاپ ئالاھىدە خا-
راكتېرلىك ئۆزگىرىش ياسايدۇ ۋە ئانا تېنىدىكى تەبىئىي
ئوزۇقلۇق كەملىك قىلىپ تاشقىرىدىن ئوزۇقلۇق تەلەپ
قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 40 كۈن ئەتراپىغا بارغاندىن كېيىن
ئاياللار سېرىكلىك تارتىشقا باشلايدۇ. ئاياللارنىڭ قانداق
ئوزۇقلۇققا سېرىك بولۇشى ھامىلىنىڭ تەلەپ قىلغان ئو-
زۇقلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

2) ئىنسان ھاياتىدا تۇغۇلۇپ 40 كۈنگىچە بولغان ئا-
رىلىق يەنە بىر مۇھىم باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋا-
قىتتا كەلگەندە بوۋاقنىڭ بەدىنى تەبىئىي مۇھىتقا ئاساسىي
جەھەتتىن ئۆزلىشىدۇ. ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى پەرق ئې-
تىشكە باشلايدۇ. نېرۋا سىستېمىسىدا خېلى زور ئۆزگىرىش-
لەر بولۇپ ئەركىلەتسە كۈلىدىغان، مەلۇم ئاۋازلارنى
ئاڭلاپ نىشاننى پەرق ئېتىپ قارايدىغان بولىدۇ. پۇراش
سېزىمىدا سېزىلەرلىك ئالامەتلەر كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىدا خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش
بولۇپ، تەركىبىدە ئوزۇقلۇق مىقدارى كۆپرەك يېمەكلىك-
لەرنى تەلەپ قىلىدۇ.

3) ئاياللارنىڭ تۇغۇشى ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى
ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاياللارنىڭ بۇ ۋاقىتتا
ئۇستىخانلىرى بوشاپ ئاجرايدۇ. بالياتقۇسى كېڭىيىدۇ ۋە
باشقىلار. بۇ ئەھۋال 35 ـ كۈندىن 40 ـ كۈنگىچە بولغان
ئارىلىقتا بەدەن قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بې-
جىرىم ھالەتكە ئۆتىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئاجرالغان ئۇس-
تىخانلار، بالياتقۇلار ۋە شىللىق پەردىلەر ئەسلىي ھالىتى-
گە كېلىپ بولىدۇ.

4) ئادەملەرنىڭ ئۆمرى بوۋاقلىق، بالىلىق، ئۆس-
مۈرلۈك، ياشلىق قىرانلىق ۋە قېرىلىق قاتارلىق باسقۇچ-
لارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئادەم 40 ياشقا توشقاندا قىران
ياش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئادەم ئەقلى ۋە
جىسمانىي جەھەتتىن كامالەتكە يېتىدۇ.

بۇ قانۇنىيەتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئومۇملۇق خۇسۇسىيە-
تىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ «40 مۇقەددەس-
لىك» ئەنئەنىسى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىن شەكىل-
لەنگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى ئا-
نىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ مۇھىم ئېتىقاد ئالاھىدىلى-
كىدىن بىرى، ئانىلارنى ئۇلۇغ بىلىش، ئۇلارغا چوقۇنۇش
ۋە بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئانىلار ھۆكۈمرانلىق
قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، شۇڭا ئانىلارنىڭ ھامىلدار بولۇ-
شى، تۇغۇشى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاجايىپ مۆجى-
زات، سىرلىق ئەھۋال بولغانلىقى چوقۇم. شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇپ 40 ـ كۈنلىرىگە بارغان-
دا سېرىكلىك تارتىشنى، بوشۇنۇپ 40 كۈن ئەتراپىدا
پۈتۈن جىسمانىي تېنىنىڭ بىرىكىپ ئەسلىگە كېلىپ، بېجى-
رىم ھالەتكە كېلىشىنىمۇ بىر خىل خاسىيەت دەپ چۈشەن-
گەن. بۇنىڭغا بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈندىن كېيىنكى ئۆز-
گىرىش قوشۇلۇپ يۇقىرىقى ئېتىقادنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.
شۇنىڭ بىلەن بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 ـ كۈنگە كەلگەندە ئانى-
لارنىڭ بېجىرىم ھالەتكە كەلگەنلىكىنى، بوۋاقنىڭ دۇنياغا
كەلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلىش يۈزىسىدىن تۈرلۈك پائالىيەت-
لەر ئۆتكۈزۈلگەن ۋە بۇ ئادەت ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەر
داۋاملاشقان. شۇنىڭ بىلەن بارا ـ بارا مۇقەددەس چۈشەن-
چە ۋە ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇن شەكلىنى ئېلىپ ئۆز
مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتقان.

ئوغۇزخان دەۋرىگە كەلگەندىن كېيىنكى « 40» مۇ-
قەددەسلىكنىڭ مەزمۇنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىپ تې-
خىمۇ غايىۋىلەشكەن.

«ئوغۇزنامە»دە ئەكس ئەتكەن ئوغۇزخاننىڭ 40
كۈندىن كېيىن سۆزلىيەلىشى، ئاش ـ نان تەلەپ قىلىشى،
ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە 40 ـ كۈنى ئىلاھىي
بۆرىنىڭ پەيدا بولۇپ يول باشلىشى قاتارلىق تەرەپلەر يۇ-
قىرىقى پىكرىمىزنى مەلۇم ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا ئوغۇزخان دەۋرىگە كەلگەندە ئادەمنىڭ
40 ياشقا توشقاندىن كېيىن كامالەتكە يېتىدىغانلىقىدىن

ئىبارەت بەدىئىي قانۇنىيەت « 40»نىڭ يۇقىرى كامالەت-
نىڭ، ئالىي سەلتەنەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان-
لىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتچىسى ئابدۇرەھىم ھەبى-
بۇللا ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» ناملىق كىتابىدا
«40» مۇقەددەسلىكى ھەققىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: ««40»
سانىغا كەلسەك، بۇ ئەجدادلىرىمىزدا كېيىنچە ئىككى قول
بارمىقىنى ساناشتىن كېلىپ چىققان ئەڭ چوڭ سان ‹ئون›
ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئۆز دەۋ-
رىدە بەش بارماق قوشۇلسا ‹ئون› ھاسىل بولىدىغىنىغا
قاراپ ئۇنى (كۆن) چىقىش، (كۆن) پېتىش، تاغ، جەنۇب-
تىن ئىبارەت تۆت تەرەپكە تەتبىقلاشنى چۈشىنىپ يەتكەن
بولۇشى، نەتىجىدە ‹ئون› بارماقنىڭ تۆت تەرەپكە تەتبىق-
لىنىشىدىن كېلىپ چىققان ‹40› ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەڭ
كۆپ (چوڭ) سانغا ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.
بۇنىڭ بىلەن ‹40›مۇ مۇقەددەس سان تۈسىنى ئالغان.
شۇنىڭ ئۈچۈن ‹40› ھېكايە-چۆچەكلەردە كۆپ تىلغا ئېلى-
نىدۇ.» (ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيە-
سى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى، 574 ـ
بەت). بىز ئۇيغۇر خەلق چۆچەك ـ داستانلىرىنى ئوقۇيدى-
غان بولساق ئۇلاردا «40» مۇقەددەسلىكىنىڭ ھەققەتەن
كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. تۆۋەندە
«40» مۇقەددەسلىكىنىڭ لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى
بايان قىلىنىشىغا قاراپ باقايلى:

«بايۋەچچىنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى» چۆچىكى:
«دادىسىنى دەپنە قىلىپ 40 كۈن ماتەم تۇتۇپتۇ» (17 ـ
بەت)، «ئۇ ئانىسىغىمۇ 40 كۈن ماتەم تۇتۇپتۇ» (17 ـ
بەت). «قەلەمتىراش» چۆچىكى: «ئۇ ھەر يىلى ئەتىكى
كۈندە 40 كالا، 40 ئات، 40 تۆگە، 40 قوي، 40 ئوغۇل
بالا، 40 قىز بالىنى يەيدۇ» (30 ـ بەت)، «بۇ چاغدا ئەج-
دىھانىڭ يېمەكلىكىگە بېرىدىغان 40 كالا، 40 ئات، 40
تۆگە، 40 قوي، 40 ئوغۇل، 40 قىز ھەممىسى تەل بولغانى-
كەن» (31 ـ بەت)، «دەل شۇ چاغدا بۇ باتۇر يىگىت پا-
دىشاھ ئاپارغان 40 كالا، 40 ئات، 40 تۆگە، 40 قوي،
40 ئوغۇل، 40 قىزنى ساق ـ سالامەت پادىشاھنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ كېلىپتۇ» (31 ـ بەت)، «پادىشاھمۇ ۋەدىسى بويىچە
پۈتۈن يۇرتنى چاقىرىپ 40 كېچە ـ كۈندۈز توي-تۆكۈن
ئۆتكۈزۈپ پادىشاھلىقىنىڭ يېرىمىنى ۋە بىردىنبىر قىزىنى
بۇ يىگىتكە بەرمەكچى بوپتۇ» (32 ـ بەت)، «توي 40
كۈن داۋاملىشىپ 41 ـ كۈنى پادىشاھ قىزىنى راۋاقتىن
ئېلىپ چۈشۈپ يىگىتكە نىكاھلاپ بېرىپتۇ» (32 ـ بەت)،
«سەن ئەگەر ئۇلارنى ئىزدەي دېسەڭ 40 تۆگىگە 40 تۇ-
لۇمدا سۇ، 40 تۆگىگە 40 تولۇمدا تېرىق قاچىلاپ،
ئۆزۈڭ بىر غېرىچ قېلىنلىقتا تۆمۈر كەش كىيىپ، ئىككى
مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆمۈر ھاسىنى ئېلىپ كۈنچىقىش تەرەپكە
ماڭساڭ، 40 تۇلۇمدىكى سۈيۈڭ بىر يۇتۇم قالغاندا، 40
تولۇمدىكى تېرىقلىڭ بىر چىمدىم قالغاندا، تۆمۈر ھاساڭ
بىگىزدەك قالغاندا، تۆمۈر كەشلىڭ تېشىلگەندە، ساقالل-
رىڭ ئاقىرىپ قېرىغىنىڭدا مەلىكەڭ بىلەن كۆرۈشىسەن»
(34 ـ بەت)، «ئاخىر كۆيۈئوغۇلنىڭ تەلىپى بويىچە 40 تۆ-
گىگە 40 تۇلۇمدا سۇ، 40 تۆگىگە 40 تۇلۇمدا تېرىق ھا-
زىرلاپ بېرىپتۇ ۋە 40 تۆمۈرچىنى يىغىپ ئىككى مېتىرلىق
تۆمۈر ھاسا، بىر غېرىچ قېلىنلىقتا تۆمۈر كەش ياسىتىپ بې-
رىپتۇ» (35 ~ 34 ـ بەت)، «ئاندىن 40 ئاچقۇچ بىلەن 40
ئۆينى ئاچساڭ 40 ـ ئۆيدە توققۇز دىۋە پادىشاھنى ۋە
ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان مەلىكەڭنى كۆرىسەن»
(36 ـ بەت)، «بالا پادىشاھ 40 ئاچقۇچ بىلەن ھەممە ئې-
شىكلەرنى ئېچىپ ئىچىگە كىرسە، 40 ـ ئۆي بىر يوغان
زال ئىكەن» (37 ـ بەت). «ھاجى پالۋان» چۆچىكى:
«سەن مېنىڭ 40 ئېغىزلىق ئۆيۈمدىن ھەر كۈنى ئىككىنى
كۆرۈپ كۆڭلۈڭنى ئاچ»، «20 كۈندە 40 ئېغىز ئۆينىڭ
ھەممىسىنى كۆرۈپ بوپتۇ»، «بوۋاي 41 تال ئاچقۇچتىن
40 تالنى ماڭا بېرىپ بىر ئاچقۇچنى بەرمىدى» (41 ـ
بەت)، «سىز ماڭا 40 تال ئاچقۇچنى بەردىڭىز» (42 ـ
بەت). «پاچاق قۇلى» چۆچىكى: «ئۇ ھەر كۈنى 40
توزاق قويسا ھەممىسىگە توشقان چۈشىدىكەن» (45 ـ
بەت)، «مۇشۇ يەرگە 40 غۇلاچلىق قۇدۇق كولاپ ئىچى-
گە 40 كۆتۈرۈم ئوتۇن سالىسەن»، «بۇ ئىككىسى ئىككى
كەتمەننى قولىغا ئېلىپ 40 غۇلاچلىق قۇدۇقنى شۇ كۈنىلا
كولاپ بوپتۇ ۋە 40 كۆتۈرۈم ئوتۇن ئەكىلىپ، قۇدۇق
ئىچىگە ئوت يېقىپ، ئاغزىنى يوغان تۈگمەن تېشىدا باسۇ-
رۇپتۇ» (48 ـ بەت)، «يالماۋۇز شۇنداق ئېگىلىپ ئوتنى
پۈۋلەي دېيىشىگىلا ئۇنى ئىتتىرىپلا 40 غۇلاچلىق قۇدۇققا
غۇلىتىۋېتىپتۇ»، «ئۇنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىدا 40 دانە
ئاچقۇچ تۇرغان. بۇ ئاچقۇچلارنى ئېلىپ يالماۋۇزنىڭ 40
ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ قايسىسىغىلا كىرسە نەچچە يۈزلىگەن
ياش يىگىتلەر ‹مەن ئورۇق، سەن سېمىز، مەن ئورۇق
سەن سېمىز› دەپ يىغلاشقىلى تۇرۇپتۇ» (49 ـ بەت)، «ئۇ

دەل 40 ـ كۈنى ئاكىلىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا
ئاكىلىرى پاچاق قۇلىنىڭ 40 نەزىرىسىنى بېرىۋاتقانىكەن،
پاچاق قۇلىمۇ ئۆزىنىڭ 40 نەزىرىسىگە ئېغىز تېگىپتۇ» (50 ـ
بەت). «ئىمىل غايىب» چۆچىكى: «پادىشاھنىڭ 40 خوتۇ-
نى بولۇپ» (55 ـ بەت)، «شاھنىڭ 40 خوتۇنىنىڭ كارۋى-
تىنىڭ ئاستىدا 40 ئاشىنىسى بار تۇرۇقلۇق يەنە ماڭا قارىغى-
نىغا نامەھرەم بولامدىكەن»، «بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ
دەرھال لەشكەر ئەۋەتىپ خوتۇنلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئاخ-
تۇرغۇزسا دېگەندەك 40 ئاشىنىسى چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭ-
دىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ 40 يىگىت بىلەن 40 خوتۇنىنى ئۆ-
لۈمگە مەھكۇم قىپتۇ» (56 ـ بەت). «ئېيىق باتۇر» چۆچە-
كى: «خانىش ماقۇل بولغاندىن كېيىن 40 ياساۋۇل بەلگە-
لەپ ئۈچ قىزىنىڭ ئۆيلىرىگە ئەۋەتىپتۇ» (58 ـ بەت)،
«كەچلىكى پادىشاھنىڭ كىچىك قىزى 40 ياساۋۇلنىڭ ھەر
بىرىنى بىردىن ئۆيگە باشلاپتۇ» (59 ـ بەت)، «ياساۋۇل
شەھەردىن 40 چاقىرىم نېرىغا چۈشۈپتۇ» (61 ـ بەت)،
«40 تۆگىنى سويۇپ ئۇ يەردە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ-
تۇ» (62 ـ بەت). «شاھزادە بىلەن بىر جۈپ مەلىكە» چۆ-
چىكى: «40 تۆگىگە مال ـ دۇنيا ئارتىپ، 40 يىگىتنى
قوشۇپ...»، «بېشىڭغا ھەرقانداق بالايىئاپەت كەلسىمۇ،
40 يىگىتنى ھەرگىز تاشلىۋەتمىگىن»، «شاھزادە دادىسى-
دىن رازىلىق ئېلىپ، 40 تۆگە مال ـ دۇنيا ئېلىپ، 40 يىگىت-
نى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىقىپتۇ»، «40 تۆگىدىكى مال-
دۇنيايىڭنى بەرسەڭمۇ چىقىشمايدۇ» (63 ـ بەت)، «شاھزا-
دە 40 تۆگىدىكى مال ـ دۇنياسىنى تۆگىسى بىلەن قوشۇپ
بېرىپ... 40 يىگىتنى قايتۇرۇۋېتىپ...»، «لەشكەر باشلىقى
40 تۆگە مال ـ دۇنيانى ئېلىپ...»، «پادىشاھ ساھىبجامال
قىزىنى ئوردا مەركىزىدىكى 40 قەۋەت ئۆينىڭ ئوتتۇرىسى-
غا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر بىر ئىشىككە بىردىن دىۋىنى قا-
راۋۇللۇققا قويغانىكەن.... 40 ئىشىكتىن ئۆتۈپ قىز ياتقان
ھۇجرىغا كىرىپتۇ»، «نەرقىم 40 تۆگىلىك مال ـ دۇنيا باھا-
لىنىپ تىرىك قالدىم»، «يىگىت قىزنىمۇ شۇ ساندۇققا
سولاپ 40 ئىشىكتىكى دىۋىلەرگە تۇيدۇرماي تاشقىرىغا
چىقىپتۇ» (64 ـ بەت)، «40 مىڭ لەشكەر بىلەن كۆك كا-
رىۋاتلىق مەلىكىنىڭ دادىسى پادىشاھلىق قىلىۋاتقان ئەلگە
يۈرۈش قىپتۇ. ئارىدا جەڭ ـ يېغىلىق بولۇپ، 40 كېچە ـ
كۈندۈز قان تۆكۈلۈپتۇ» (69 ـ بەت). «گۈلجامال» چۆ-
چىكى: «40 كېچە ـ كۈندۈز ئوت قالاڭلار»، «40 كۈن
ئۆتكەندە...» (73 ـ بەت). «كەنناسىر» چۆچىكى: «تاغدا
40 ھەيۋار بار»، «بالىنى ھېلىقى 40 ھەيۋارنىڭ قېشىغا
ئېلىپ بېرىپتۇ»، «بۇ 40 ھەيۋارنىڭ 40 ئېتى بار ئىكەن.
بۇ ئاتلارنىڭ خۇيىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىكەن» (76 ـ
بەت)، «40 قاراقچىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ ئۆلتۈرۈۋەتمە-
سەم...» (78 ـ بەت)، «ئەگەر كۈن چىقىشقا قالساق 40
قاراقچى سېنى ئۆلتۈرۈپ تېرەڭنى تەتۈر سويىدۇ»،
«ھەي موما 40 قاراقچىنىڭ مال ـ دۇنيالىرىدىن ئازراق
ئالغىلى بولامدۇ؟»، «شۇ چاغدا 40 قاراقچى 41 ساندۇق-
نى ئەكىلىپ بۆلۈشىدۇ»، «40 قاراقچىغا بىر ساندۇقتىن
40 ساندۇق تەگدى»، «بۇ چاغدا 40 قاراقچى ھەر تەرەپ-
كە قېچىپ كېتىدۇ»، «بۇ چاغدا 40 قاراقچى ئاتلىرىنى
دۈپۈرلىتىپ...»، «40 قاراقچىغا بىردىن 40 ساندۇق
تەگدى»، «ئاۋازنى ئاڭلىغان 40 قاراقچى...»، «40
ھەيۋار كەناسىرنى قامچىلاپ ئۇرۇپ كېتىپتۇ (79 ـ بەت)،
«40 غۇلاچ ھاسا تايانغان» (80 ـ بەت)، «پادىشاھ
پۈتۈن ئەلنى يىغسۇن ۋە 40 كالا سويۇپ نەزىر ئۆتكۈز-
سۇن» (81 ـ بەت). «مەلىكە ئايتىللا بىلەن شاھزادە رە-
ۋەيدۇللا» چۆچىكى: «مەلىكە شاھزادىنىڭ 40 خىزمەتچى-
سىنىڭ بىرى بولۇپ تاللىنىپتۇ» (86 ـ بەت)، «پۈتۈن
يۇرتقا 40 كۈن توي قىلىپ بېرىپتۇ» (88 ـ بەت). «تايغان
نېمە ۋاپا قىلدى، گۈلخان نېمە جاپا قىلدى؟» چۆچىكى:
«ئۇنىڭ 40 يىللىق مۆھلەت بىلەن سېتىۋالغان بىر قۇلى
بار ئىكەن» (103 ـ بەت). «ئاق بوز ئات» چۆچىكى:
«سەككىز ئوغۇلنى ئېلىپ 40 خېچىرغا سوۋغا ـ سالام
ئارتىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ» (108 ـ بەت). «ھەمراخان»
چۆچىكى: «ئوغلىنىڭ 40 كۈن توي ـ مەرىكىسىنى ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىپتۇ» (121 ـ بەت). «ئەقىللىق خوتۇن» چۆچە-
كى: «ھېلىقى جايغا 40 گەزلىك بىر قۇدۇقنى كولاپ»
(140 ـ بەت). «مىڭكۈ باتۇر» چۆچىكى: «پادىشاھنىڭ 40
كۈنلۈك شىكارغا چىقىدىغان ۋاقتى توشۇپ، نۆكەرلىرى
بىلەن شىكارغا كېتىپتۇ» (142 ـ بەت)، «ھەبىگۈل تاجىنىڭ
ئاتىسىنىڭ 40 خوتۇنى بولسىمۇ»، (143 ـ بەت)، «ھەبى-
گۈل تاجىنىڭ دادىسى 40 كىچىك خاننى باشقۇرىدىغان
چوڭ پادىشاھ ئىكەن. مىرزانىڭ دادىسىمۇ ئاشۇ 40
كىچىك خاننىڭ بىرى ئىكەن» (144 ـ بەت)، «يەتتە تاغنى
40 كۈندە بېسىپ، ئاۋات بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ»
(150 ـ بەت)، «پادىشاھ چۈشۈرگەن پەرماننى ئاڭلاپ، 40
كۈن بولغان ئىككى سۇمرۇغ بالىسىنى پادىشاھقا بېرىپ
ئورنىغا ئىككى تۆگىنى ئاپتۇ»، «شەھەر 40 گەز ئېگىزلىكتە



2016.6

سېلىنغان قېلىن سېپىل بىلەن قورشالغانىكەن» (151 ـ
بەت)، «مىڭكۇ باتۇر 13 تاغنىڭ نېرىسىغا ئۇچۇپ كېتىپ
يەرگە 40 گەز كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇچ كېچە-كۈندۈز بىھوش
يېتىپ، كېيىن ھوشىغا كېلىپ قارىسا، يەرگە 40 گەز
پېتىپ كەتكەن» (152 ـ بەت)، «مەلىكىنى ساقلايدىغان
3000 تاللانغان نۆكىرىم، 40 باتۇرۇم بار»، «قەپەس ئەت-
راپىنى، 40 ئوردا ئىشكىنى 40 پالۋان قوغداپ تۇرىدى-
كەن. بۇ پالۋانلارنىڭ ھەر بىرى 40 دىۋىگە تېتىيدىكەن»
(153 ـ بەت)، «مەن سېنىڭ 7000 لەشكىرىڭ، 40 دىۋە
سۆپەت باتۇرۇڭ ھەم ئېيىق باتۇرۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم»
(154 ـ بەت)، «بۇ تازلار كۈندە 40 تۈرلۈك ئۆزگىرەلەي-
دىكەن» (156 ـ بەت)، «ھەر يىلان، بېرىپ 40 تەسمىنى
(تەسمە-لوپنۇر شۋىسىدە تەسۋى) ھازىرلا ئېلىپ كەل»،
«يىلاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 غۇلاچ، ئېگىزلىكى 12 غۇلاچ
ئىكەن»، «40 ھالقىلىق بىر تەسمە بار»، «ئۇلار 40 ھال-
قىلىق تەسمىنى يىلان پادىشاھقا ئەپچىقىپ بېرىپتۇ»، «40
دىۋىنى بويىندىن تۇتۇپ ئاسمانغا ئاتقىنىم» (162 ـ بەت)،
«يەتتە شەھەر بىرلىشىپ 40 ملىڭ تۇغ- ئەلەملىك لەشكەر
توپلاپ... جەڭ قىلىپ يۈرۈپ 40 يېرىگە ئوق تېگىپ
ئاتتىن يىقىلىپ» (163 ـ بەت)، «مۇلايىمنى 40 نۆكىرى
بىلەن يولغا ساپتۇ» (164 ـ بەت)، «دورىنى 40 نۆكەرنىڭ
بۇرنىغا پۈرىتىپ»، «مىڭكۇ مۇلايىم 40 نۆكىرى بىلەن ما-
لىمان تېغىنىڭ ئارىسىدا ياتقۇدەك»، «ئۇلار ئىككى تاغ
ئارىسىغا كېلىپ قارىسا 40 نۆكەر ۋە ۋەزىرلىرى تاشقا ئاي-
لانغان ھالەتتە ياتقۇدەك» (165 ـ بەت)، «ئۆزىنىڭ 40 يې-
رىگە ئوق تېگىپ غارقان (قان بىلەن بويالماق) بوپتۇ»،
«بادرات ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ 40 قات زىندان ئىچىدە ئېسىق-
لىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ» (166 ـ بەت)، «ئۇ
بوۋاي 40 خىل ئۆزگىرەلەيدىكەن» (168 ـ بەت)، «40
داشقا پولۇ دۇملەپ ئولتۇرغىن»، «40 داشقا پولۇ دۇملەپ
ئولتۇرسا»، «40 داشتىكى پولۇنىمۇ پاك-پاكىز يەۋې-
تىپ»، «40 داشقا پولۇ دۇملەپ تەييار قىلىپتۇ» (170 ـ
بەت)، «40 كۆزى بار ئىكەن»، «ئۇ 40 گەز چوڭقەد-
دىن كېيىن» (171 ـ بەت)، «بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇن»،
(172 ـ بەت). «نىزناي» چۆچىكى: «ئايالىنى 40 مىڭ يې-
رىدىن جادۇغا توغراپ، گۆشىنى قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم
قىلىپ بېرىپتۇ» (178 ـ بەت)، «دەرھال 40 يىگىتنى چاقى-
رىپ كېلىپ، نىزنايىنى ئۇنىڭ ئارىسىغا قوشۇپتۇ»، «ئۇ ئا-
يالىنى ئىككى باجىسىغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن 40 ئېغىز-
لىق ھەرەم سالدۇرۇپ، 40 كېنىزەكنى ساقلاشقا قويۇپتۇ»
(185 ـ بەت). «كېنىزەم بىلەن بوز كۆرپەش» چۆچىكى:
«ئۇ 40 ملىڭ لەشكىرىنى باشلاپ بۇ ئىككىسىنى يوقىتىش
ئۈچۈن كەلگەنىكەن»، «40 ملىڭ چىرىك شۇنچە ئاتقان
بولسىمۇ، بۇ ئىككى بالىغا زادىلا تەگمەپتۇ»، «ئىككى
تال ئوق بىلەن 40 ملىڭ لەشكىرىنى قىرىۋېتىپتۇ»،
«بۈگۈن بىز ئاتامنىڭ 40 ملىڭ لەشكىرىنى قىرىۋەتتۇق»،
40 كېچە-كۈندۈز يىغلىشىپ، ئاچا يولدا ئولتۇرۇپتۇ»
(187 ـ بەت)، «تېلى 40 ملىڭ تال بولسۇن»، «تېلى 40
ملىڭ تال چىقىدىغان بىر بىگىز بارنانى تەييارلاپ ئەكې-
لىپ، يىگىتنىڭ يېنىغا تاشلاپتۇ»، (189 ـ بەت)، «40 كېچە
ـ كۈندۈز شەھەرگە كىرمەپتۇ»، «پادىشاھنىڭ 40 كاللا
كېسەر جاللىتى تەييار بولۇپتۇ»، «جاللاتلار پادىشاھنى 40
ملىڭ تىللىق بىگىز-بارنىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ»
(190 ـ بەت)، «40 ملىڭ لەشكەرمۇ تاغدىن كېلەلمەپتۇ»
(191 ـ بەت). «قاراخان پادىشاھ ۋە ئايگۈل قىز» چۆچە-
كى: «زۇيۇر شاھ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ 40
كۈن توي قىلىپ بېرىپتۇ» (199 ـ بەت)، «شاھزادە رىشت
نۆكەرلىرىنى ئېلىپ 40 كۈنلۈك ئوۋغا كېتىپتۇ»، «ئۇنىڭ
40 يىگىت ئوينىشى بار ئىكەن» (200 ـ بەت). «ئادىل
شاھ» چۆچىكى: «40 كۈن ئۆتۈپ 41 ـ كۈنىگە قەدەم
قويغان ئاخشىمى...»، «ھەي جامائەت مەن 40 كۈن پا-
دىشاھ بولدۇم، ئەتە ۋاقتىم توشىدۇ» (211 ـ بەت). «ئە-
قىللىق قىز» چۆچىكى: «مەن سېنى 40 يىگىت، 40 قېچىر
مال-دۇنيا بىلەن سەيلە-ساياھەتكە ئەۋەتمەكچىمەن»،
«دۆت ئوغۇل دادىسى ۋە ئايالى بىلەن خوشلىشىپ 40
يىگىت ۋە 40 قېچىر مال-دۇنيانى ئېلىپ يولغا راۋان
بوپتۇ»، «40 يىگىتكە يۈك-تاقلىرىنى چۈشۈرگۈزۈپ،
ئاشۇ يەردە ئارام ئالماقچى بوپتۇ» (217 ـ بەت)، «40 تۆ-
گىدىكى مال-دۇنيا ھەم 40 يىگىت مېنىڭ بولىدۇ»،
«شاھزادە 40 قېچىردىكى مال-دۇنيا ۋە 40 يىگىتنى ئۇت-
تۇرۇۋېتىپتۇ»، «شەھەرگە كىرىپ بىر ناۋايغا 40 يىللىق چا-
كارلىققا سېتىلىپتۇ»، «مەلىكىنى ئەرەنچە ياساپ، 40 ياسا-
ۋۇل ۋە 40 تۆگە مال بىلەن يولغا سالماقچى بولۇپ...»
(218 ـ بەت)، «بۇنىڭدىن 16 يىل ئىلگىرى 40 يىگىت ۋە 40
قېچىر مال بىلەن بىر شاھزادە مۇشۇ يەردىن ئۆتكەنمۇ ؟»،
«بۇنىڭدىن 16 يىل بۇرۇن خۇددى سىزگە ئوخشاش بىر
شاھزادە 40 يىگىت ۋە 40 قېچىر مال-دۇنيا بىلەن مۇشۇ
يەرگە كەلگەندە»، «شاھزادىنىڭ 40 يىگىت ۋە 40 قېچىر

مال ـ دۇنياسىنى ئېلىۋېلىپ شاھزادىنى بىر ئات بىلەن يولغا سېلىۋەتتى» (219 ـ بەت)، «ئەگەر سېنىڭ مۈشۈكۈڭ تالڭ ئاتقۇچە چىراغنى چۈشۈرۈۋەتمىسە مەن 40 يىگىتىم، 40 تۆگە مال ـ مۈلكۈم ۋە شاھزادىلىكىمنى ساڭا بېرىمەن» (220 ـ بەت)، «ئېرىنى ئىزدەپ 40 يىگىت، 40 تۆگىدىكى مال ـ دۇنياسىنى ئېلىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ»، «بۇ 40 يىگىت تالادا ياتىدۇ» (221 ـ بەت)، «بۈگۈن ناۋايخانىمىزدا 40 يىگىت، 40 تۆگىلىك مال ـ دۇنيا بىلەن ئىنتايىن چىرايلىق بىر شاھزادە كەلدى» (222 ـ بەت)، «ئاتامنىڭ يۇرتى مەندىن 40 كۈنلۈك نېرىدا» (223 ـ بەت)، «مەلىكە پادىشاھنىڭ ھىيلىسىنى سېزىپ ئېرى ۋە 40 يىگىتكە» (224 ـ بەت)، «ئۇلار يول يۈرۈپ 40 كۈندە ئۆز يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ» (225 ـ بەت). «ئوغرىلانغان گۆھەر» چۆچىكى: «ئەتە 40 ئەركەك قوي سويۇپ بىر بۆلەك مۆتىۋەرلەر بىلەن ئۈچ يىگىتنى قوشۇپ مېھمانغا چاقىرىڭ»، «مېھماندارچىلىق 40 كۈن داۋاملىشىپتۇ» (231 ـ بەت)، «ئۇلار 40 كۈن يول يۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ» (234 ـ بەت).

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، خەلقىمىز مۇقەددەس دەپ قارىغان 40 چۈشەنچىسى دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە يۇغۇرۇپ ھەر خىل شەكىل ۋە مەزمۇن بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى سۈپىتىدە خەلقىمىز ئارىسىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

دېمەك، لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس سان چۈشەنچىسىدىكى «3، 7، 9، 40» قاتارلىقلار روشەن ھالدا بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ چۆچەكلەرنىڭ ئېيتىلىش جەريانىدىكى تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى خەلقىمىزنىڭ روھىيىتىنىڭ خەلق چۆچەكلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى ھېسابلىنىدۇ.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. «لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2012 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى، 1 ـ بەت.

2. ئابدۇكېرىم راخمان: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىل 2 ـ سان.

3. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

4. ئا. رەخمان، ھەمدۇللا، ش. خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.

5. غەيرەتجان ئوسمان: «خاسىيەتلىك سان توققۇز ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 6 ـ سانى.

6. ئىلتىكىن: «مۇقەددەس سان ‹يەتتە›»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان.

7. مۇختارجان ياقۇپ: «ئىسلام دىنى ۋە كائىناتتىكى مۇقەددەس سان يەتتە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان.

8. ئابدۇرېھىم راخمان: «ئۇيغۇرلاردىكى مۇقەددەس سان ‹يەتتە› چۈشەنچىسى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىللىق 2 ـسان.

9. مەرەمنىسا مەتنىياز: «ئۇيغۇرلاردا خاسىيەتلىك سان ‹يەتتە› ۋە ھەپتە ئۇقۇمى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2003 ـ يىل 1 ـ سان.

10. ئېرنىست كاسىرى [گېرمانىيە]، (ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى): «ئەپسانىۋى سان ۋە مۇقەددەس سانلار سىستېمىسى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىل 4 ـ سان.

11. ئەخمەتجان غوپۇر: «ئۇيغۇرلاردىكى خاسىيەتلىك سان ‹ئۈچ› توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىل 4 ـ سان.

12. ئىبراھىم ئىزاقى: «مۇقەددەس سان ‹ئۈچ›»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 8 ـ سان.

13. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى سان مۇقەددەسلىكى توغرىسىدا»، «يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىل نەشرى.

14. ئابدۇقادىر تۇردى: «شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋەسىقىلىرىدىكى سان مۇقەددەسلىكى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002 ـ يىل 3 ـ سان.

15. مۇختار ياقۇپ: «سىرلىق سان ‹توققۇز› ھەققىدە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001 ـ يىل 1 ـ سان.

16. ئابدۇللا مۇھەممەد ئۇمىديار: « مەدەنىي مىراسلىرىمىزدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىمىزم ۋە شامان ئېتىقاد ئىزلىرىغا نەزەر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىل 3 ـ سان.

17. يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «‹ئوغۇزنامە› ئېپوسىدىكى ‹ 40› مۇقەددەسلىكى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىل 4 ـ سان.

18. مۇختار ئابدۇرەشىت: «بىر قىسىم سانلاردىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىل 4 ـ سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدا)

# ئونسۇدىكى مازارلار



## ئابدۇسالام ئۇلۇغ ئالىپ

ئونسۇ ناھىيەسى تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قەدىمىلىكى بىلەن يىراق - يېقىنغا مەشھۇر. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمدى» ناملىق كىتابىدا خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ (ھازىرقى ئونسۇ) كۇسەن (كۇچا) گە قارا شەھەرنى قوشۇپ يەتتە شەھەر دەپ يازغان، تارىخىي يازمىلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى زاماندا غەربىي دىياردا ئۆتكەن 36 بەگلىك ئىچىدە قۇم بەگلىكى بىلەن ئونسۇ بەگلىكى ھازىرقى ئونسۇ دىيارىدا بولغان «ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا ئونسۇ ناھىيەسىدىكى يار ئۈستى قەبرىستانلىق كۆلىمى ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر، كەڭلىكى 1.5 كىلومېتىر بولۇپ 9000 مو كېلىدۇ.

مازار دېگەن بۇ ئاتالما ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر خىل سۆز بىلەن ئومۇملاشتى، بەزى جايدىكىلەر قەبرىستانلىق دىسە، بەزى جايدىكىلەر زاراتگاھلىق دەيدۇ، يەنە بەزى جايدىكىلەر بولسا تۇپراق بېشى، قەبرە بېشى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مازارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق، شۇنىڭدەك مازار دەپنە قىلىش يوسۇنى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ، «ۋېينامە»دە قاڭقىللارنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادىتىدە مۇنداق يېزىلغان: «ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىشتا يەرچۇ (قەبرە) كولىنىدۇ، جەسەتنى قولىلىرىدا ئوقيانى كېرىپ تۇرغان ۋە قىلىچ ئاسقان ھالەتتە، خۇددى تىرىكتەك جابدۇپ يەرلىكتە ئولتۇرغۇزۇپ، كۆممەي ئۈستىنى ئوچۇق قويىدۇ»، «قەدىمكى زاماندا ئۆلگەن ئەر بىلەن تىرىك خوتۇننى ئۆلۈملۈك قىلىپ بىللە كۆمۈش، شۇنىڭدەك ئۆلگەن كىشىنىڭ ھايات چېغىدا ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىدىن ئۆلۈكلەرنى بىللە كۆمۈش ئادىتى بولغان، نىيە ۋە چاقىلىق، مىرەن قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردە بىللە كۆمۈلگەن ئەر - ئاياللارنىڭ جەسەتلىرى چىققان».

فولكلورشۇناس رۇبرۇك «شەرققە ساياھەت» ناملىق خاتىرىسىدە «ئۇيغۇرلار جەسەتنى ئوتقا دەپنە قىلىدىكەن، يەنى كۆيدۈرۈپ كۈلنى مۇنار ئۈستىدىكى خانىگە قويۇپ قويىدىكەن» دەپ يازغان. مۇھەممەد ئىبنى

خاۋىنشاھ «رەۋزە تۇسسافا» دېگەن كىتابىدا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ: «كىشى ۋاپات بولسا، جامائەت يىغىلىپ جەسەت ئەتراپىدا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرەتتى» دېگەن. مېيىتنى كۆيدۈرۈش بولسا ئەينى زاماندا بۇددا دىنى ئارقىلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا تارقالغان، بۇ خىل دەپنە قىلىش ئادىتى تاكى ئىسلامىيەتكىچە داۋاملاشقان، قاراخانىلار دەۋرىدە يەرلىك كولىنىپ، قەبرە قاتۇرۇپ جەسەتنى يەرگە دەپنە قىلاتتى. ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن نەزىر - چىراغ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىش ئادىتى ئومۇملاشقان، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «خان، بەگلەر ئۆلسە، ئۇنىڭ يەرچۇسى (قەبرىسى)گە بالبا (تاش ھەيكەل) تىكلەيتتى، بەزى بالباللارغا ئۆلگۈچىنىڭ تەرجىمھالى ئويۇلاتتى. ئۇلار ھايات چېغىدا، قىلغان جەڭلىرىدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قانچە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، يەر چۇسىنىڭ چۆرىسىگە شۇنچە تاش تىزىپ قويۇلاتتى» دەيدۇ.

رايونىمىزدا بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن تەرىقەتچى سوپى - ئىشانلارنىڭ كۈچلۈك دىنىي مەزھەپ تەرغىباتلىرى ۋە ئۇرۇش - تالاشلىرىدىن كېيىن «مازار»لار بىر مەزگىل سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق جايغا ئايلاندى. يەرلىك خەلقنىڭ مازار - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ بىر مەزگىللىك ئەسەبىيلىك دولقۇنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەمەلىيەت كىشىلەرگە «مازار» ئۇقۇمى ئۆتكەنكى دەۋرنى، ھەرقايسى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم جاي، دېگەن چۈشەنچىنى ئاتا قىلدى.

كىشىلەر ھەر يىلى بىر كېلىدىغان ھېيت - ئايەم ۋە ئازنا - پەيشەنبە كۈنلىرى مازار، تۇپراق (قەبرە) بېشىغا چىقىپ، مازارنى تاۋاپ قىلىشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىپ كەلدى، بۇ بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلىنىپ داۋاملىشىپ «مازار»نى بەلگىلىك تارىخىي يادىكارلىق قىممىتىگە ئىگە قىلدى، بىز كۆرگەن «مازار»لار ئاساسەن دېگۈدەك توپا قاتلاملىرى قۇرۇق، شورلۇق، شامال ئۆتتۈشۈپ تۇرىدىغان ھاۋالىق جايلار، چوڭ يول بويلىرى، ئۈستى تۈپتۈز كەتكەن دۆڭ ۋە تۆپىلىك يەرلەرگە جايلاشقان، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ يار ئۈستىدىكى كەڭ كەتكەن تۆپىلىككە جايلاشقان غايەت زور كۆلەمدىكى سۇلتانى مەھمۇد غەزنەنىم، ئالتۇنلىرىم قەبرىستانلىقى، بۇۋھەجەر ئانام قەبرىستانلىقى، قوچقار پاتماس زاراتگاھلىقى، قادىرۋاڭ مازىرى، قىزىل مازىرىم قەبرىستانلىقى قاتارلىق چوڭ - كىچىك مازار، گۈمبەز قەبرىلەر توپى بولۇپ ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە خېلىلا مۇنتىزىم ساقلانغان. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى ياردائڭلىق بولۇپ، توپا قاتلىمى قېلىن قۇرغاق، سېرىق رەڭلىك سېغىز توپا قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان، ئاساسەن گۈمبەز قەبرىلەر 100، 200 يىللىق تارىخقا ئىگە.

بۇ جايدىكى كۆركەم گۈمبەز ۋە قەبرىلەر ئۇيغۇر مىمارچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ نامايەندىسى. ئۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەۋلادلارنىڭ تارىخنى بىلىش، چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يارقىن نۇقتىسىغا ئايلىنىپ، مەملەكەت ئىچى - سىرتىدىكى فوتوگرافلار، ئارخېئولوگىيەلىك ۋە ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

(ئاپتور: ئونسۇ ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2014 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن Tel: (0991) 4554017


2016 . 6